# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

# 新疆地方志



2006·2

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

23 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 75 - سان

**2006 - يىللىق**

**2 - سان**



**مەسلىھەتچىلەر**

ئۇيغۇر سايرانى

ئىمىن تۇرسۇن

نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

سابىر ئەلى

**باش مۇھەررىر**

دىلمۇرات مۇسا

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر**

ئابدۇرۇپ ئېلى

ئەخمەت روزى توغرۇل

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى**

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇرۇپ ئېلــى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

**مەسئۇل مۇھەررىر**

پولات ھىمىت



خەت ساندۇقى: tezkire@126. com


## مۇندەرىجە

### تارىخ سەھىپىسىدە


تەڭگىلەر تىلغا كىرگەندە............ ئىرپان توختىيېف 1

كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ...

........................................ پولات ھىمىت 15

«قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» ھەققىدە .........

........................................ ئايگۈل ئوسمان 26

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلچەش - سىزىش پائالىيەتلىرى......... نىياز كېرىمى تۆپە ئاتا 28


### تارىخىي ئەسلىمە


ئۆتمۈشتىكى قاتناش قوراللىرى ھەققىدە ..............

........................................ مامۇت غازى 32

قومۇلدا باندىت تازىلاش ............ توختى ئىبراھىم 36

قەشقەردە تۇنجى قېتىم سىزىلغان خەرىتە..............

.............. ئوسمان مۇھەممىدى قاراقۇتلۇق 41


### يەر ناملىرى تەتقىقاتى


قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى يەر ناملىرى .........

........................................ پائۇل پېللىئوت 43


### ئىلمىي مۇھاكىمە


«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە دائىر ئاتالغۇلار ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ........................ ئەركىن ئىدرىس 51


### شىنجاڭدىكى مىللەتلەر


ئىلىدىكى تاتارلار ........................ تۇرسۇن قاھارى 57


### گۆھەر رىزىمىدا


شىنجاڭ بىكتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر مۇزېيى 63


مۇقاۋىدا: يۈز يىل ئاۋۋالقى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى

سۈرەتنى تەلئەل ئوبۇلقاسىم تۇمەن تەمىنلىگەن

# تەڭگىلەر تىلغا كىرگەندە

ئېرپان توختىيېف

## كىرىش سۆز

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى م. ت. ئايبېك نامىدىكى ئۆزبېكىستان تارىخ مۇزېيىنىڭ نومىزماتىكا (پۇلشۇناسلىق) بۆلۈمى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە قەدىمىي تەڭگىلەر (پۇللار) ئەڭ كۆپ ساقلانغان شۇنداقلا تەڭگىلەرگە دائىر بىلىم بېرىدىغان سورۇنلارنىڭ بىرى.

بۇ يەردىكى تەڭگىلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4- ئەسىردە قويۇلغان، دارىك دەپ ئاتالغان ئىران شاھى دارانىڭ تىللا (ئالتۇن تەڭگە) لىرى ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي) نىڭ «تېترادراھما» سىدىن تارتىپ، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا قويۇلغان ۋە سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ئىشلەنگەن 65 مىڭدىن ئارتۇق پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەڭگىلەر ئۆز زامانىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي تۈزۈملىرىنى ئېچىپ بېرىش، تارىخىي ھۆججەتلەردە ئېيتىلماي قالغان ۋەقەلەر، پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ئېنىقلاش، ئۆزى تەۋە جايلارنىڭ سودا، ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىلىم خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ.

پۇلشۇناسلىق (نومىزماتىكا) — تەڭگە پۇللارنى يەنى ئالتۇن، كۈمۈش، مىستىن ئىشلەنگەن مېتال پۇللارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇ يەنە قەغەز پۇل تەتقىقاتى (بانىستىكا) ۋە ئوردېن، مېدال ھەمدە ئىزناكلار تەتقىقاتى (فالېرىستىكا) قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇنان ئالىملىرىدىن ھېرودوت ۋە كسېنافاتلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، تەڭگىلەر دەسلەپتە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7- ئەسىردە كىچىك ئاسىيادىكى لىدىيا دۆلىتىدە ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ تەبىئىي ئارىلاشمىسىدىن يەنى يۇنانلىقلار «ئاق ئالتۇن» دەپ ئاتايدىغان مەدەندىن ئىشلەنگەن بولسا، كېيىنچە قارا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىدىكى يۇنان ۋە رىم دۆلەتلىرىدىكى چوڭ شەھەرلەردە ساپ كۈمۈش ۋە مىستىن قويۇلۇشقا باشلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلىتىلگەن پۇللار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ، ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ سەركەردىلىرىدىن سېلېۋك ئاساس سالغان سېلېۋكىدلەر دۆلىتى



www.uyghurkitap.com

تەركىبىگە كىردى. سېلېۋكىنىڭ ئوغلى ئانتىئوخ (280 ـ 261 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى بولۇپ پۇل چىقىرىشقا باشلىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە قويۇلغان تەڭگىلەرگە يەرلىك ھۆكۈمدار ئۆز نامى بىلەن بىللە خەلىپە نامىنىمۇ قوشۇپ قويدۇرغان. چۈنكى خەلىپە خۇدانىڭ يەردىكى نائىبى، ئەڭ ئالىي دىنىي ۋە سىياسىي ھاكىمىيەت رەمزى ھېسابلانغان. ئەگەر تەڭگىلەرگە خەلىپىنىڭ نامى چۈشمىگەن بولسا، دېمەك يەرلىك ھاكىمىيەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئەمىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر سىياسىي نىزا بارلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا قارام ئەمەس مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي دەلىل ھېسابلىناتتى.

روس شەرقشۇناسلىرىدىن ۋ. ۋ. گىرگورىۋ، ئى. يا. زىلاتكىنلار ئەسەرلىرىدە ھازىرقى شىنجاڭ، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەلۇم ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغان جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە سودا مۇئامىلىسىدە ھېچقانداق پۇل ئىشلىتىلمەي ناتۇرال ئىگىلىك ۋە ناتۇرال ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت ئىدى، دەپ بايان قىلغان. پۇلشۇناسلىق ئىلمى جۇڭغار خانلىرىدىن سىۋان ئارۇبدان (1697-1727)، غالدان سىرىن (1727 ـ 1745) لارنىڭ نامى يېزىلغان مىس پۇللارنىڭ ياركەنت شەھىرىدە قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداق پۇللاردىن سەككىز دانىسى مۇزېيىمىزنىڭ نومىزماتىكا بۆلۈمىدە ساقلانماقتا (1 ـ، 2 ـ سۈرەتلەرگە قاراڭ).

ئۆزبېكىستان تارىخ مۇزېيىنىڭ نومىزماتىكا بۆلۈمىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تەڭگىلىرى ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا قوشنا ئافغانىستان، ھىندىستان، ئىران ئەللىرى ۋە شىنجاڭ رايونىدا قويۇلغان تەڭگە پۇللارمۇ ساقلانماقتا.

بۇ رىسالىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا 19 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا قويۇلغان تەڭگىلەرنىڭ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى بايان قىلىنىدۇ.

## تەڭگىلەر تىلغا كىرگەندە

ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئالاقىسىنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئۇلار ياراتقان ماددىي، مەنىۋى يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئوخشاشلىقىدا يارقىن مۇجەسسەملەنگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ خەلقى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا بىر خانلىق تەركىبىدىمۇ ياشىغان. كۇشان پادىشاھلىقى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە) پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى خوتەن، ياركەنت، كۇچالارنى ئۆزىگە بىرلەشتۈرگەن.

5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يېڭى ئېفتالىتلار دۆلىتى بارلىققا كەلدى. بۇ دۆلەتمۇ قەشقەر، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆزىگە قاراتتى ۋە 6 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى موڭغۇلىيە، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى قىرغاقلىرىغىچە بولغان چوڭ دائىرىدە تۈرك خانلىقى بارلىققا كەلدى. بۇ خانلىق 588 ـ

يىلى ئىككىگە بۆلۈندى.

11 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭنى بىرلەشتۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسى، 13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرى، تېمۇر، تېمۇرىيلەر دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، خىۋا، قوقەند خانلىقلىرى دەۋرىدىن تاكى 17 — 19ـ ئەسىرلەرگىچە ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بىر - بىرى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولۇپ كەلدى، شۇڭا بۇ زېمىنلاردا ئىشلىتىلگەن تەڭگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سىستېمىسى كۆپىنچە ئوخشاش بولۇپ كەلدى.

بۇ پۇللار قەدىمكى يۇنانىستان (گرېتسىيە) پۇللىرىنىڭ نەمۇنىسى بويىچە قۇيۇلۇپ، ئۇلارغا گرېك يېزىقى ۋە پادىشاھلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

گرېك ـ باكترىيىدە قۇيۇلغان پۇللارنىڭ نامىمۇ گرېكچە ئىدى. جۈملىدىن، تىللالار ستاتېر، كۈمۈش تەڭگىلەر تېترادراھما، دراھما ۋە يېرىم دراھمالارغا بۆلۈنگەن، ھەتتا پۇللارنىڭ ئېغىرلىقىمۇ گرېك ئېغىرلىق ئۆلچىمىگە توغرا كېلەتتى يەنى تېترادراھما 16 گرامغا، دراھما 4 گرامغا توغرا كېلەتتى. كۈندىلىك ئۇششاق سودىلاردا پايدىلىنىش ئۈچۈن مىس پۇللارمۇ چىقىرىلغانىدى.

شىنجاڭ تەۋەسىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 — 3 ـ ئەسىرلەردە قۇيۇلغان پۇللارمۇ گرېك پۇللىرىنىڭ نامى بىلەن تېترادراھما، دراھما دەپ ئاتالغاندىن باشقا، بۇ پۇللارنىڭ ئېغىرلىقىمۇ گرېك ئېغىرلىق ئۆلچىمىگە توغرا كېلەتتى.

شىنجاڭ تەۋەسىدىن كۇشان دۆلىتىدە قۇيۇلغان تىللا، مىس پۇللار، مىلادىيە 3ـ ئەسىرلەردە ئىراندا قۇرۇلغان ساسانىيلار سۇلالىسى قۇيغان كۈمۈش تەڭگىلەر[1]، مىلادىيە 4 ـ 6 ـ ئەسىرلەردە ئېفتالىتلار دۆلىتى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۇللىرىغا تەقلىد قىلىپ قۇيغان پۇللارمۇ[2] كۆپلەپ تېپىلماقتا. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ سەمەرقەن ۋە شاش پادىشاھلىرى ئوتتۇرىسىدا تۆت بۇرجەك تۆشۈكى بار، سوغدى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مىس پۇللارنى قۇيغان. ئەنە شۇنداق سوغدى يېزىقىدىكى پۇللار ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى كۇچا، خوتەن شەھەرلىرىدىنمۇ تېپىلدى[3].

9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار دەۋرى، 13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇل ئىستىلاسى، 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردىكى تېمۇر ۋە تېمۇرىيلەر دەۋرىدە، 1514 — 1533 ـ يىلغىچە سۇلتان سەئىدخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىن تاكى 1759 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىشلىتىلگەن پۇللارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى يېزىقلىرى ۋە ئېغىرلىقىدا ناھايىتى كۆپ ئوخشاشلىق بار. جۇڭگو پۇلشۇناسى فەن شىنۋېي: «شىنجاڭنىڭ تەڭگە پۇللىرى ئىچكىرىنىڭ پۇللىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭدا خېلى بۇرۇنلا ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتاللاردىن تەڭگىلەر قۇيۇلغان بولۇپ، بۇ تەڭگىلەر كۆپرەك ئوتتۇرا ئاسىيا پۇللىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ»[4] دەپ كۆرسەتكەن.

## راشىدىن خان تەڭگىلىرى

چىڭ سۇلالىسى 1760 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن كۈمۈش،

www.uyghurkitap.com

مىس پۇللارنى بىكار قىلىپ، يامبۇ ۋە يارماق قۇيۇپ چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە شىنجاڭ تەڭرىتاغنى پاسىل قىلىپ، شىمال تەرىپى ئىلى، جۇڭغارىيە، جەنۇب تەرىپى قەشقەرىيە ياكى ئالتەشەھەر، يەتتەشەھەر دەپ ئاتىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە قۇيغان پۇللىرى بىلەن ئىلىدا قۇيغان پۇللىرى پەقەت شۇ تەۋەلىكتىلا ئىشلىتىلگەنىدى. بۇ پۇللارنىڭ ئالدى يۈزى ئوخشاش بولسىمۇ، ئېغىرلىقى پەرقلىنەتتى. قەشقەردە قۇيۇلغان يارماق پۇللارنىڭ ئارقا يۈزىگە زەربخانا (پۇل قۇيۇش ئورنى) لارنىڭ نامى خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە بېسىلغان بولسا، ئىلىدا قۇيۇلغانلىرىغا مانجۇچە «ئىلى» دەپلا بېسىلغان (3-، 4-، 5-، 6- سۈرەتلەرگە قاراڭ).

ئا. ن. كوروپاتكىننىڭ «قەشقەرىيە» دېگەن ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1862- يىلى جاھانگىرخوجا قەشقەر، ياركەنت، خوتەن ۋە يېڭىسارلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ جايلاردا ئۆز نامىدا تەڭگە چىقارغان.

1864- يىل 6- ئايدا كۇچادا راشىدىنخان باشچىلىقىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. راشىدىنخان سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى كۇچا ۋە ئاقسۇلاردا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان زەربخانىلاردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرىسىدا تۆت بورجەك تۆشۈك بار يارماق چىقاردى. بۇ پۇللاردىن كۇچادا قۇيۇلغانلىرىنىڭ ئالدى يۈزىگە «رەشىدىن خان سيد غازى» (رەشىدىن خان سەيدغازى)، ئارقا يۈزىگە «ضرب دارالسلطنة كوچا» (زەرب دارئەس سەلتەنەت كۇچا) دەپ يېزىلغان (7- سۈرەتكە قاراڭ)؛ ئاقسۇدا قۇيۇلغانلىرىنىڭ ئالدى يۈزىگە «رەشىدىن خان سيد غازى»، ئارقا يۈزىگە «ضرب داراسلطنة اقسو» (زەرب دارئەس سەلتەنەت ئاقسۇ) دەپ يېزىلغان (8- سۈرەتكە قاراڭ).

راشىدىن خان ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتە بىرلىشىش ئۈچۈن، قەشقەر، خوتەن خانلىرىغا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتتى، لېكىن قەشقەر، خوتەن خانلىرى ئۇنى قوللاپ قۇۋەتلىمىدى. راشىدىن خان مۇراجىئەتنامەسىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن ئىتائەت قىلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ، ئىنىسى جالالىدىن خوجا باشچىلىقىدا قەشقەرگە لەشكەر ئەۋەتتى. قەشقەر ھاكىمى سىدىقبەگ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوقەند خانىغا مۇراجىئەت قىلىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خوجىنى قەشقەرگە تەختكە تەكلىپ قىلدى. قوقەند خانى ئالىمقۇل بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇزرۇك خوجا بىلەن ياقۇپبەگنى 50 ئەسكەرگە باش قىلىپ تېزدىن قەشقەرگە ئەۋەتتى. بۇزرۇك خوجا دىنىي ئەرباب بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغان، سىياسەتتىن بىخەۋەر كىشى ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا تەشكىلاتچىلىق تالانتىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قەشقەرگە خان، قەشقەر ھاكىمى سىدىقبەگ باش قوماندان بولدى. ياقۇپبەگ سىدىقبەگدىن باش قوماندانلىقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئەتراپىغا بىر ئوچۇم كىشىلەرنى توپلاپ بۇزرۇك خوجا بىلەن سىدىقبەگ ئوتتۇرىسىغا نىزا سالدى، سىدىقبەگ بىر قىسىم

ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ بۇزرۇك خوجىدىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ياقۇپبەگ سىدىقبەگنىڭ ئادەملىرىنى سېتىۋېلىپ، سىدىقبەگنى ئۆلتۈردى ۋە قەشقەر خانلىقىنىڭ باش قوماندانى بولۇۋالدى.

ياقۇپبەگ ھىيلە بىلەن خوتەننى ئالغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 1283 - يىلى (مىلادىيە 1866 - يىلى) خوتەندە كۈمۈش تەڭگە پۇللارنى قۇيدۇردى. بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامى: «ياقۇپبەگ خوتەندە بىر مىسقال شەرئى ئاق تەڭگە قۇيدۇردى (بىر شەرئى 2.95 گرامغا، بىر مىسقال شەرئى 4.25 گرامغا تەڭ). ئۇنىڭ بىر يۈزىگە «لاالەالامھمدرسو-ل‌اللە»، يەنە بىر يۈزىگە «ضرب ختن لطف» دېگەن سۆزلەرنى زەرب قىلدۇردى»[5] (9 - سۈرەتكە قاراڭ).

بەزى پۇلشۇناسلار بۇ تەڭگىلەر قۇيۇلغان شەھەرنى خوتەن نامى بىلەن باغلاپ، بۇ تەڭگىلەرنى خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللا قۇيدۇرغان دەپ توغرا پەرەز قىلىدۇ[6]. بىزنىڭ پىكرىمىزنى يەنە لېنىنگراد دۆلەت ئېرمىتاژ نۇمىزماتىكا بۆلۈمىدە ھەبىبۇللا پادىشاھ نامى بىلەن ساقلىنىۋاتقان تەڭگىلەر ئىسپاتلايدۇ (ئېرمىتاژ مۇزېيىدىكى 33243 - 33240/OH3193 نومۇرلۇق تەڭگىلەرگە قارالسۇن). كورۋپاتكىن «قەشقەرىيە» دېگەن ئەسىرىدە: «ھەبىبۇللا پادىشاھ كۈمۈش تەڭگىلەرنى زەرب قىلدۇردى» دەپ يازىدۇ[7].

## يەتتەشەھەر خانلىقىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەڭگىلىرى

ياقۇپبەگ خوتەننى ئالغاندىن كېيىن، كۇچا، كورلىلارنى ئېلىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا شەھەرلەرنىمۇ قوشۇۋېلىپ، يەتتەشەھەر خانلىقىنى قۇردى ۋە ئۆزىنى ياقۇپبەگ ئاتالىق غازى، كېيىنچە بەدۆلەت دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەردە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇللارنى قۇيدۇردى. بۇ پۇللارنى ئۇ ئۆز نامىدا ئەمەس، بەلكى قوقەند خانى سەئىد سۇلتاننىڭ ئاتىسى موللاخان نامىدا چىقاردى. شۇڭا بۇ پۇللار كېيىنچە پۇلشۇناسلار ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى ۋە خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى بىرىنچىدىن، ياقۇپبەگ بۇ پۇللارنى قۇيدۇرغان ۋاقىتتا موللاخان ئاللىقاچان (بەش يىل ئىلگىرى يەنى 1862 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەنىدى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ پۇللار گەرچە قەشقەردىكى زەربخانىلاردا قۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پۇللارغا يەنىلا «زەرب قوقەند» دەپ يېزىلغانىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ پۇللارغا قۇيۇلغىنى قوقەند خانى موللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىل بولماستىن، ياقۇپبەگ يەتتەشەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 1867 — 1873 - يىللارغىچە بولغان ۋاقىتتۇر؛ تۆتىنچىدىن، بۇ پۇللارنىڭ تىپى قوقەند پۇللىرىنىڭ تىپىدىن پەرقلىنىدۇ؛ بەشىنچىدىن، قوقەند تىللاسىنىڭ ئېغىرلىقى 4.5 گرام بولسا، قەشقەر تىللاسىنىڭ ئېغىرلىقى 3.6 گرام كېلىدۇ.

پۇلشۇناسلاردا «پۇللار ئۆزى ھەققىدە ئۆزى گەپ قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق قوشۇمچە ماتېرىيال كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن نەقىل بولسىمۇ، بىراق بەزى پۇللار ئۆزى ھەققىدە ئۆزى گەپ قىلىپ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن







www.uyghurkitap.com

ياقۇپبەگنىڭ موللاخان نامىدا قۇيدۇرغان پۇللىرىنى كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

مولا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ 183 - بېتىدە: «ياقۇپبەگ قوقەند خانلىقى ئۇستىخانىلىرىدىن ماھىر ۋە كامىل ئۇستىلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، موللاخان نامىدا تىللا پۇللارنى چىقىرىش بىلەن بىللە مىس پۇللارنىمۇ قۇيۇشقا ھەرىكەت ۋە تەرەددۇتلارنى قىلدى» دەپ يازىدۇ. ئەنە شۇ مەنبەلەرگە ئاساسەن بىز شۇنى ئېنىق ئېيتالايمىزكى، بۇ تەڭگىلەر قوقەند خانى موللاخان دەۋرىدە ئەمەس، بەلكى موللاخان ۋاپاتىدىن بەش - ئالتە يىل كېيىن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەشقەردە قۇيدۇرۇلغان.

نېمە ئۈچۈن ياقۇپبەگ ئۆز نامىدا پۇل قۇيدۇرمايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنى بويىچە، خان ئەۋلادى بولمىغان كىشىلەر ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ دۆلەت باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان ۋە خەلقمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان؛ ئىككىنچىدىن، ئەگەر ئۇلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ ئۆز نامىدا پۇل چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان. ھەتتا پۈتۈن ماۋرا ئۈننەھر، ئىران، ئىراق، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ بىرقىسمىنى ئىگىلەپ بۈيۈك ئىمپېرىيە قۇرغان ئەمىر تېمۇرمۇ ئۆز نامىدا پۇل چىقىرالماي، ماھمۇدخانلارنىڭ نامىغا ئۆز نامىنى قوشۇپ تەڭگە چىقارغان؛ ئۈچىنچىدىن، موللاخان شىر ئەلىخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆكىسى خۇدايارخان قوقەند خانلىقىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن موللاخان بىلەن بىللە ياقۇپبەگمۇ خۇدايارخانغا قارشى ئىسيان ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ئىش پاش بولۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسى قېچىپ بۇخارا ئەمىرلىكىگە بېرىپ باشپاناھلىق تاپقان. موللاخان بىلەن ياقۇپبەگ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق ئەنە شۇنداق قارار تاپقان؛ تۆتىنچىدىن، ياقۇپبەگنى قەشقەرگە موللاخاننىڭ ئوغلى سەئىد سۇلتان ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ موللاخان نامىدا تىللا ۋە كۈمۈش پۇللارنى قۇيدۇرغان. بۇ تىللا پۇللارنىڭ ئالدى يۈزىگە «سەئىد مۇھەممەد موللاخان باھادىر»، ئارقا يۈزىگە «ضرب دارالسلطنة خوقند لطيف» (زەرب دارئەس سەلتەنەت قوقەند لەتىف) دەپ، كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ ئالدى يۈزىگە «سيد مهمد ملاخان»، ئارقا يۈزىگە «ضرب خوقند لطيف» (زەرب قوقەند لەتىف) دەپ يېزىلغان (10 - سۈرەتكە قاراڭ).

ياقۇپبەگ قوقەند خانى موللاخان نامىدىكى بۇ خىل تەڭگىلەرنى تاكى 1873 - يىللارغىچە چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇلئەزىزخان، مۇرادخان نامىدا چىقىرىشقا باشلىدى. ئابدۇلئەزىزخان ۋە مۇرادخانلار كىم؟ بۇ ھەقتە تارىخىي مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مولا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە: «ھىجرىيە 1286 - يىلى (مىلادىيە 1870 - يىلى، سايرامى بۇ يەردە بىرخاتالىقتا يول قويغان، بۇ ۋەقە 1873 - يىلى بولغان، بۇنى تەڭگىلەردىكى سانلارمۇ دەلىللەيدۇ) تاشكەنتلىك ئىشان سەئىدخان قازى تۆرە (ئىشان سەئىدخان باشقا مەنبەلەردە سەئىد ياقۇپخان تۆرە دەپمۇ يېزىلغان) مەككىدىن قايتىپ ئالدى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ،


9
10
11
12


13
14
15
16
17

ياقۇپبەگ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ ياقۇپبەگكە مۇسۇلمانلارنىڭ پۈشتى پاناھى خەلىپە رۇم سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپبەگ سەئىدخان قازى تۆرە باشچىلىقىدا تۈركىيە سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخانغا ناھايىتى كۆپ سوۋغاتلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتتى. تۈركىيە سۇلتانى بۇ ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالدى. ئۇز نۆۋىتىدە ئابدۇلئەزىزخانمۇ ياقۇپبەگكە تۈركچە سەرپا ۋە قىممەتلىك ئالماس - ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج، مىلتىق - قىلىچلارنى سوۋغا قىلدى. بۇ سوۋغاتلاردىن بەكلا خۇشال بولغان ياقۇپبەگ بىرنەچچە كۈن توي بېرىش بىلەن بىللە خەلىپە ئابدۇلئەزىزخان ئىسمى شەرىپىگە ئاتاپ خۇتبە ئوقۇتتى. تىللا ۋە تەڭگە پۇللارنى ئۇنىڭ نامىدا زەرب قىلىش ھەققىدە پەرمان ئېلان قىلدى ۋە بۇ يەتتە شەھەرنى خەلىپە رۇم تەۋەسى دەپ ئاتىدى...»⑧.

بۇ مەزگىلدە چاررۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارنىڭ كۆپ جايلىرىنى تەۋەسىگە ئالغانىدى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ يەتتەشەھەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ھىمايىسىنى بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى ئەڭ كۈچلۈك نوپۇزغا ۋە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە تۈركىيە سۇلتانلىقىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى زۆرۈر دەپ بىلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىيە سۇلتانىغا ئەلچىلەر بىلەن قىممەتلىك سوۋغاتلار يوللاپ، ئۆزىنىڭ تۈركىيە سۇلتانىغا قاراملىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سۇلتان ئابدۇلئەزىز نامىدا 1873- 1876 - يىللىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىرنەچچە ئاي داۋامىدا سۇلتان مۇرادخان نامىدا تەڭگە پۇللارنى قۇيدۇردى(19 - سۈرەتكە قاراڭ).

ئابدۇلئەزىزخان نامىدا قۇيدۇرغان تىللالارنىڭ ئالدى يۈزىگە «سلطان عبدالغزيز-خان» دېگەن سۆز بىلەن بۇ تىللالارنىڭ قۇيۇلغان ھجرىيە يىلنامىسى، ئارقا يۈزىگە «ضرب دارالسلطنة كاشغر» (زەرب دارئەس سەلتەنەت كاشغەر) دەپ يېزىلغان (12-، 13- سۈرەتلەرگە قاراڭ).

كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ ئالدى يۈزىگە «عبدالغزيزخان»، ئارقا يۈزىگە «ضرب كاشغر لطيف» ۋە تەڭگىلەر قۇيۇلغان يىل بېسىلغان (14 -، 15 -، 16 - سۈرەتلەرگە قاراڭ).

كۈمۈش تەڭگىلەر خوتەندىمۇ قۇيۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە «عبدالغزيزخان» ئارقا يۈزىگە «ضرب ختن لطيف» دەپ يېزىلغان.

يارماقلارنىڭ ئالدى يۈزىگە «عبدالغزيز-خان» دېگەن خەت ۋە يارماقلارنىڭ قۇيۇلغان يىلى، ئارقا يۈزىگە بەزىلىرىگە «ضرب كاشغر»، بەزىلىرىگە «ضرب كاشغر لطيف» دەپ يېزىلغان (17 -، 18 - سۈرەتلەرگە قاراڭ).

يەتتەشەھەر خانلىقى ۋاقتىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن مىس يارماقلار سىستېمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يەتتەشەھەر خانلىقى بىلەن قوشنا ئەللەر ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە يۈرگۈزۈلىدىغان، خەلقئارا ئۆلچەمگە ماس كېلىدىغان تىللا ۋە تەڭگىلەر قۇيۇلدى. تىللا ۋە تەڭگىلەر خەلقئارا سودا ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەرگە، مىس پۇللار ئاساسەن يەتتەشەھەر


18
19
20
21
22


23
24
25
26
27
28

تەۋەسىدىكى سودا مۇئامىلىسىگە چىقىرىلغانىدى.

يەتتەشەھەر تەۋەسىدىكى بۇ ئۈچ خىل بىرلىكتىكى پۇللارنىڭ شەكلى ۋە نامى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ خانلىق دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن پۇللارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئالتۇندىن قۇيۇلغانلىرى تىللا، كۈمۈشتىن قۇيۇلغانلىرى تەڭگە، مىستىن قۇيۇلغانلىرى يارماق ياكى چاقا دەپ ئاتىلاتتى. تىللانىڭ ئېغىرلىقى 3.6 گرام، كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى 1.8 گرام، مىس پۇللارنىڭ ئېغىرلىقى 3.6 گرام كېلەتتى. بۇ ئۈچ خىل پۇلنىڭ ئۆزئارا نىسبىتى جەھەتتە 50 دانە مىس (چاقا) پۇل بىر تەڭگە كۈمۈش پۇلغا، 25 دانە كۈمۈش تەڭگە بىر تىللاغا تەڭ ئىدى⑨.

جۇڭگو پۇلشۇناسى فەن شىنۇېينىڭ پېزىشچە: «بىر دانە تىللا 20 دانە كۈمۈش تەڭگىگە، بىر دانە كۈمۈش تەڭگە 50 دانە مىس (چاقا) پۇلغا باراۋەر بولۇپ، بۇ پۇللاردا ھېچقانداق خەنزۇچە خەت يوق» ئىكەن⑩. ئۇنىڭدىن باشقا يەتتەشەھەر تەۋەسىدە بۇخارا، قوقەنلارنىڭ تەڭگىلىرىمۇ ئىشلىتىلگەنىدى⑪.

## يەتتە شەھەر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا يولغا قويغان پۇل ئىسلاھاتى

زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى 1876 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئېلىدىن باشقا جايلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى، قىش كىرىپ قالغاچقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈشنى ۋاقىتىنچە توختاتتى. 1877 - يىلى ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا يەتتەشەھەر تەۋەسىگە يۈرۈش قىلىپ بىر قاتار جايلارنى ئالدى. ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە زو زوڭتاڭ تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ياقۇپبەگنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى نىيازبەگ 30 - ماي كۈنى ياقۇپبەگكە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن، مىراسخورلىرى بىلەن ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا نىزا كېلىپ چىقتى. زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرى ئانچە قارشىلىققا ئۇچرىمايلا جەنۇبقا ئىلگىرىلىدى. ياقۇپبەگنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگە چېكىندى. ئۇلار بىلەن نۇرغۇن خەلق زو زوڭتاڭ قوشۇنلىرىنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ماكانى، مال - مۈلكىنى تاشلاپ، قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ ئۆتتى⑫.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە پۇل ئىسلاھاتىنىمۇ يولغا قويدى. يەتتەشەھەر تەۋەسىدە چىقىرىلغان ئالتۇن، كۈمۈش، مىس پۇللارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 1878 - يىلدىن باشلاپ مەخسۇس كۈمۈش ۋە مىس پۇللارنى چىقاردى.

كۈمۈش پۇللار تۆۋەندىكى بەش قىممەتتە چىقىرىلدى: 1) يېرىم مىسقال: 1.80 گرام؛ 2) بىر مىسقال: 3.60 گرام؛ 3) ئىككى مىسقال: 7.20 گرام؛ 4) ئۈچ مىسقال: 10.80 گرام؛ 5) بەش مىسقال: 18 گرام.

يۇقىرىدىكى بەش خىل قىممەتتە چىقىرىلغان كۈمۈش پۇللار ئاساسەن قەشقەردە (23 - ، 24 - ، 25 - ، 26 - ، 27 - ، 32 - ، 34 - سۈرەتلەرگە قاراڭ)، يەركەندە (30 - سۈرەتكە قاراڭ)، خوتەن، يېڭىسارلاردا (31 - سۈرەتكە قاراڭ)، ئاقسۇدا (20 - ، 21 - ،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




22 ـ سۈرەتلەرگە قاراڭ)، كېيىنرەك ئۇرۇمچىدە (29 ـ، 33 ـ سۈرەتلەرگە قاراڭ) چىقىرىلدى. بۇ تەڭگىلەرگە قويۇلغان جاينىڭ نامى مانجۇ، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا، پۇلنىڭ قىممىتى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە بېرىلگەن. يىللار يەنىلا ھىجرىيە يىلى ۋە ئەرەب رەقەملىرى بىلەن بېسىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە خەنزۇچە 三分 (ئۈچ مىسقال)، بەزىلىرىگە 五分 (بەش مىسقال) دەپ يېزىلغان. ئۇلاردا خوتەن ئۆلكىسىدە ئىشلىتىلگەن ئېغىرلىق ئۆلچىمى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، خوتەن ئۆلكىسىدە خەجلەنگەن بىر سەر (三分) نىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 30 گرامغا توغرا كەلگەن. يەنە بەزى كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە 三 (ئۈچ) خېتىلا بېسىلغان بولۇپ، بۇ خوتەن ئۆلكىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (28 ـ سۈرەتكە قاراڭ). بۇلار زو زۇڭتاڭلارنىڭ خوتەنلىك بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، چاررۇسىيە 1871 — 1881 ـ يىلغىچە ئىلىنى بېسىۋالغان ۋاقىتتا ئىلى تەۋەسىدە چاررۇسىيىنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، چاررۇسىيىنىڭ ئىككى سوملۇق تەڭگىسى جۇڭگونىڭ بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ بولغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىر ۋە ئىككى مىسقاللىق تىللا قويۇلدى. بۇ پۇللارنىڭ ئالدى يۈزىگە خەنزۇ، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا پۇلنىڭ قىممىتى، كەينى يۈزىگە

ئەجدىھانىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ تىللالار ناھايىتى ئاز چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، سودا مۇئامىلىلىرىدە ئىشلىتىلمەي پۇلدار بايلار يىغىۋالغان.

## شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شىنجاڭ پۇللىرى

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇيۇلغان 1، 2، 3، 5 مىسقاللىق كۈمۈش پۇللار سودا مۇئامىلىسىدە داۋاملىق ئىشلىتىلدى. 1913 - 1914 - يىللىرى جۇڭخۇا مىنگونىڭ پۇللىرى پەيدا بولدى. بۇ پۇللارنىڭ بىر يۈزىگە « 中华民国 » دېگەن خەنزۇچە خەت بىلەن يىلنامى بېسىلغان. بۇ دەۋردە يەنە 1، 2، 3، 5 مىسقاللىق پۇللار بىلەن بىللە ئەڭ زور قىممەتتىكى (بىر سەر ئېغىرلىقتىكى) كۈمۈش پۇللارمۇ چىقىرىلىشقا باشلىدى. مىس پۇللارنىڭ شەكلى ياۋروپا پۇللىرىغا ئوخشىتىلىپ ئوتتۇرىسى تۆشۈكسىز قىلىپ چىقىرىلىشقا باشلىدى. 1911 - يىلدىن كېيىن چىقىرىلغان كۈمۈش پۇللارنى ئۇيغۇرلار «يارچەن» دەپ ئاتىدى (يارچەن خەنزۇچە كۈمۈش پۇل دېگەن مەنىدىكى 银钱 دېگەن سۆزدىن ياكى خەنزۇچە ئەجنەبىيلەر پۇلى دېگەن مەنىدىكى 洋钱 دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن). مىس پۇللارنى ئۇيغۇرچە يارماق، چاقا ياكى مىس پۇل دەپ ئاتىسا، خەنزۇچە داچيەن 大钱 دەپ ئاتايتتى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىگە ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا تۈرلۈك باج - سېلىقلار كۆپىيىپ كەتتى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى دۇنيا سىياسىي، ئىقتىسادىي كىرزىسى شىنجاڭ خەلقىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ 1916 — 1917 - يىللىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ روسىيەدىن كىرىشى بەكلا ئازلاپ كەتكەنلىكتىن مال باھاسى بارغانسېرى ئۆرلەپ، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ ناچارلاشتى. 1933 - يىل 12 - ئاپرېل كۈنى شېڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى. بۇ يىللاردا شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە رەزىللىكى تۈپەيلىدىن نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. بۇ دەۋردە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. سەر- قەغەز پۇل بىرلىكى قىلىنغان بولۇپ، بۇ دەۋردە مۇئامىلىگە چىقىرىلغان 50 سەر قەغەز پۇلغا بىر قاپ سەرەڭگە ياكى بىر دانە تۇخۇم سېتىۋېلىش مۇمكىن ئىدى[13].

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا قەغەز پۇللار بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىشلىتىلگەن پۇل «قەشقەر پۇلى» دەپ ئاتالدى.

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئىقتىسادىي كىرزىسنى تۈزىتىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە نازىرى ماۋ زېمىن پۇل ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈپ، «سەر» پۇل سىستېمىسى ئورنىغا «يۈەن- 元» (دوللار) نى بىرلىك قىلغان يېڭى شىنجاڭ پۇلىنى چىقاردى.

1939 - يىلى 1 - فېۋرالدىن باشلاپ،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۆۋەندە كۆرستىلگەن قىممەتتىكى دوللار — 1، 3، 5، 10دوللار، 5مو(50 تيىن)، 3 مو(30 تيىن)، 2 مو(20 تيىن)، 1 مو (10 تيىن)، 5 فېن(5 تيىن)، 2 فېن (2 تيىن)، 1 فېن(1 تيىن) قاتارلىق پۇللارنى مۇئامىلىگە چىقاردى. ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى چىقىرىلغان بۇ پۇللارنىڭ كۆرسى چۈشۈپ، بازار نەرخ - ناۋاسىنىڭ ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


①② شيا نەي: «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» بېيجىڭ، 1961 - يىل نەشرى، 117 — 128 - بەتلەر.

ليۇ چۈن: «شىنجاڭ ئۈچتۇرپاندىن تېپىلغان قۇيما ئالتۇن ۋە ئىران كۈمۈش تەڭگىلىرى ھەققىدە» (خەنزۇچە)، 1959 - يىللىق «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 9 - سانى، 482 - بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم، 1984 - يىل نەشرى، 201 - بەت.

④⑩ فەن شىنۋېي: «جۇڭگو پۇللىرى تارىخى» 2 - قىسىم، 1965 - يىل شاڭخەي نەشرى، 510 - بەت.

⑤⑧ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە» 171 — 192 - بەتلەر.

⑥ موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» دېگەن ئەسىرى 1905 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتوردا بۇ ئەسىرنى قايتا تولۇقلاپ يېزىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ ۋە قايتا تۈزۈتۈپ ئۇنى «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئاتايدۇ. «تارىخى ئەمىنىيە» دە: «ياقۇپبەگ 1866 - يىلى خوتەندە كۈمۈش تەڭگىلەرنى زەرب قىلدۇردى» دېگەن بولسا، كېيىنكىسىدە «ھەببۇللا پادىشاھ زەرب قىلدۇردى» دەپ ئۆزگەرتىدۇ. موللا مۇسا سايرامىنىڭ 1986 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «تارىخى ھەمىدى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 383 - بېتىگە قاراڭ.

⑦ ⑨ ⑪ ⑫ ئا. ن. كورۇپاتكىن: «قەشقەرىيە»، 1879 - يىل نەشرى، 52-، 131 -، 215 - بەتلەر.

⑬ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 - يىل 3 - سان، 15 - بەت.


ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقېيۇم خوجا

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتورلار ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتمەكچى بولسا، ماقالىنى كومپيۇتېردا تىزدۇرۇپ، ماقالە ھۆججىتىنى كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ خەت ساندۇقى tezkire@126.com غا قارىتىپ يوللىسا، تېخىمۇ تېز ۋە قولايلىق بولىدۇ.

# كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى


## پولات ھېمىت

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)


## غەربىي يۇرتتىكى سىرلىق گۆھەر

20 - ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تارىخىدا، غەربىي يۇرتنىڭ ئاجايىپ ۋە پارلاق قەدىمىي مەدەنىيىتى چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كۆپ قېتىم باردى، تەكلىماكاندىكى چۆللۈكلەرنى كۆپ قېتىم كېسىپ ئۆتتى، ئەتراپتىكى ئېگىز تاغ ۋە مۇزلۇق چوققىلاردىن كۆپ قېتىم ئۆتتى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ۋاقتى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. 1868 - 1869 - يىللىرى ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ئەنگلىيىلىك روبېرت شاۋ ياقۇپبەگ بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇ 1870 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ فورسىس باشچىلىقىدىكى ياقۇپبەگنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىگە قاتنىشىدۇ. فورسىس تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمىي خارابىلىكلەرگە خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرلەرنى كونكرېت تەكشۈرمىگەن، كېيىن بۇ يەرگە كېلىدىغان پۇرسەتمۇ بولمىغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمىي خارابىلىكلەرنىڭ خەزىنىسى ئىكەنلىكى بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەتتە بايقالغان. 1890 - يىلى ئەنگلىيىلىك لېيتېنات بوۋېر شىنجاڭدا ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى داگلىشنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىزدەيدۇ. بوۋېر قەيسەر ھەربىي ئېكسپېدىتسىيىچى ئىدى، ئۇ قاتىلنى قوغلاپ تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى كۇچاغا كېلىدۇ. بۇ مەزگىلدە شۇ يەرلىك بىرەيلەن بوۋېرغا يېقىن ئەتراپتا يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما بۇ كىشى ئۆزىنىڭ چەت ئەللىكنى بۇ خارابىلىككە باشلاپ بارغانلىقىنى باشقىلار بىلىپ قالسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بوۋېرنى خارابىلىككە كېچىدە باشلاپ بارماقچى بولىدۇ. بوۋېر ماقۇل

بولغاندىن كېيىن بۇ كىشى قويىندىن قېپىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان بىر قەدىمىي كىتابنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشى بۇ كىتابنى چەت بىر جايدىكى 80 مېتىرچە كېلىدىغان بىر ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئاستىنى كولاپ تاپقانىكەن، بۇ ئېگىز ئىمارەت بەلكىم بۇددا مۇنارىغا ئوخشاش ئىمارەت بولۇشى مۇمكىن. بوۋر قېپىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان بۇ قەدىمىي كىتابنى سېتىۋېلىپ، ھىندىستانغا ئاپىرىپ ھىندىشۇناس ئالىم رۇدولف خېئارنلېي ئەپەندىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ ئالىم كىتابنىڭ براخما يېزىقىدا يېزىلغان، مىلادىيە 5 - ئەسىرگە تەۋە، ھىندى تىبابىتىگە ئائىت سانسكرىتچە قەدىمىي كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ، بوۋرنىڭ بۇ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن كىتابقا «بوۋر قەدىمىي كىتابى» دەپ نام بېرىلىدۇ. شۇڭا 1890 - يىلى، غەربىي يۇرتنى قېزىش ۋە تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى دىتروئىل دې رېينس بىلەن گرېنارد تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى خوتەندىن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلىتىلگەن كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمىي تارشا پۈتۈك پارچىلىرىنى تاپىدۇ. 1890 - يىل 12 - ئايدا 25 ياشلىق سۋېن ھېدىن قەشقەرنى قىسقا مۇددەت زىيارەت قىلغان چاغدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە خوتەننى ساياھەت قىلىش ئىلتىماسىنى سۇنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىلتىماسى رەت قىلىنىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى خەزىنىنىڭ بايقىلىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ھاۋاسى نەم، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان ھىندىستاندا ۋەيران بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرى تارىم ئويمانلىقىدەك بىپايان، قۇرغاق رايوندا ساقلىنىپ قالغان.

1893 - 1897 - يىللىرىچە شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن ئىلمىي تەكشۈرۈش مەقسىتىدە تارىم ئويمانلىقىغا كېلىدۇ. بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋون رىچخوفېن ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ تېگىدە قەدىمىي شەھەر بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقىنى بايان قىلىدۇ. ۋون رىچخوفېننىڭ بۇ تۈيغۇسى بىر ئاقىلانە تەسەۋۋۇر ئىدى، ھەقىقەتەن بۇ تەسەۋۋۇر ئۆز ۋاقتىدا ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ. 1895 - يىلى سۋېن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ، ئاخىرى ئىككىنچى يىلى قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان، ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولغان قەدىمىي خارابىلىكنى تاپىدۇ.

بۇ يېڭىلىققا نىسبەتەن ھەرقايسى دۆلەتلەر تېز ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈۋاتقان ستەيىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن خىراجەت بىلەن 1900 - يىلى ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ نىشانى قۇرۇمتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىدىكى خوتەن بوستانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ شۇنداقلا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى بايقايدۇ.

# ياۋروپادىكى ئوتانى



ئوتانى ياۋروپادا

بوۋردىن باشلاپ، سۋېن ھېدىن، ستەين ـ لەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ياۋروپانىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا خەۋەر قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ زور ئىقتىسادىي ياردەم كۈچى بولمىغاچقا، غەربىي يۇرتنى ئۇدا بىرقانچە يىل ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ مەزگىللەردە ياۋروپادىكى لوندون، پارىژ، بېرلىنلاردا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشى خېلى تېز ئىدى، بولۇپمۇ لوندوندىكى پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى جۇغراپىيە ئىلمىدىكى دۇنياۋى ئاخبارات مەركىزى ئىدى. سۋېن ھېدىن ۋە ستەينلەر غەربىي يۇرت قۇملۇقىدا خارابىلىكلەرنى بايقىغان 1900 ـ يىلى ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ ياش، ئۆتكۈر راھىبلىرى لوندوندا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار ئىچىدىكى ئاساسلىق شەخس، نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ 21 ـ ئەۋلاد داھىسىنىڭ ئوغلى ئوتانى ئىدى، ئوتانىنىڭ 10 مىليوندەك مۈرىتىدىن كېلىدىغان مەبلەغ ئاساسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈشتە مەبلەغدىن غەم قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى. نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى ياپونىيىدىكى بىر ئاممىۋى دىنىي تەشكىلات بولۇپ، 10 مىليونغا يېقىن مۈرتى بار ئىدى.

1902 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوتانى لوندوندىن ياپونىيىگە قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېتىشنى قارار قىلىپ، نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈپ ئاندىن ياپونىيىگە قايتماقچى بولىدۇ. 1902 ـ يىل 8 ـ ئايدا گراف ئوتانىنىڭ لوندوندىن يولغا چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىشىغا سۋېن ھېدىن بىلەن ستەيننىڭ لوندونغا پۈر كەتكەن غەربىي يۇرتتا قەدىمىي خارابىلىكلەرنى بايقىغانلىق خەۋىرى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ستەين 1900 ـ يىلى غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈپ، 1901 ـ يىلى دۆلىتىگە قايتىپ، 1902 ـ يىل 8 ـ ئايدا 16 پارچە سۈرەت، 77 بەت

www.uyghurkitap.com

مەزمۇندىن تەركىب تاپقان بىر كىتابچىنى نەشر قىلدۇرىدۇ، كىتابتا بۇتلارنىڭ، فارفور بۇيۇملارنىڭ، خەنزۇچە ئەسەر پارچىلىرىنىڭ، تارشا پۈتۈكلەرنىڭ، كارۋىشتى ۋە براخما يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، بۇلار ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىش قىزغىنلىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

## غەربىي يۇرتنى بىرىنچى قېتىم تەكشۈرۈش

نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوتانى باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1902 - يىلى 8 - ئايدا لوندوندىن يولغا چىقىپ، روسىيىنىڭ پېتربورگ، ئەنجان، ئوشلاردىن ئۆتۈپ، پامىر تېغى ئارقىلىق 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ بۇ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇددا دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىش تارىخى ۋە بۇددا دىنىي خارابىلىرىنى ئىزدەپ تەتقىق قىلىشنى مەقسەد قىلىپ، غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرىدۇ. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ، ئوتانى ئىككى ئادەمنى باشلاپ ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ بۇددا دىنىنىڭ خارابىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. 1903 - يىل 1 - ئايدا ئوتانى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە، ياپونىيىدىن دادىسىنىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ھەمراھىنى باشلاپ 3 - ئايدا ياپونىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكى ۋاتانابى تېششىن بىلەن خورى ماسۇۋ شىنجاڭدا قېلىپ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچالارنى، قىزىل مىڭئۆي ۋە ئەتراپىدىكى باشقا مىڭئۆيلەرنى 5 ئايدىن كۆپرەك تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم تام رەسىملىرى ۋە قەدىمىي يازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئاندىن تۇرپانغا بېرىپ، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرىدۇ. گېرمانىيىلىك پروفېسسور گرۇنۋېدېل ئەينى چاغدا بۇ يەرنى ئۈچ ئاي تەكشۈرگەن ئىدى. ۋاتانابى تېششىن بىلەن خورى ماسۇۋ بۇ يەردىكى چوڭ - كىچىك مۇنارلارنى تەكشۈرۈپ، رەسىمگە تارتىدۇ، ئاندىن ئۇلار گرۇنۋېدېل چۈشكەن يەرلىك ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەم ئالىدۇ ھەمدە شۇ يەردىكىلەرنىڭ قولىدىن خەنزۇچە خەت يېزىلغان مەڭگۈتاش پارچىسىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى مىڭئۆيلەرنى، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى، بۇددا مۇنارى خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ، رەسىمگە تارتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇنلارنى قېزىپ قەدىمىي مىراسلارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كەمچىل. ئاندىن ئۇلار ئۈرۈمچى، قومۇل ئارقىلىق 1904 - يىلى 2 - ئايدا شىئەنگە كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى غەربىي يۇرتنى بىرىنچى قېتىم تەكشۈرۈشنى تاماملايدۇ.

# غەربىي يۇرتنى ئىككىنچى قېتىم تەكشۈرۈش



تاچىبانا لوندوندا

ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى 1908 - يىلى 6 - ئايدا تاچىبانا زۇئىچو بىلەن نومۇرا ئېيزابۇرونى غەربىي يۇرتنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. شۇ يىلى تاچىبانا ئاران 17 ياشتا ئىدى. ئۇلار ياپونىيىدىن يولغا چىقىپ، بېيجىڭغا كېلىپ، ئاندىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بۇ يەردىن تۇرپانغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىسى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شۇ مەزگىلدىكى لاما دىنىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇلارنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈشتىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى قەدىمىي بۇددا دىنىنىڭ سانسكرىتچە نوم - پۈتۈكلىرىنى توپلاش ئىدى. ئۇلار تۇرپاندا بۇتخانىلارنىڭ نۇرغۇن خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن كىچىك ئۆڭكۈرلەرنى قېزىپ، خېلى كۆپ بۇددا نوملىرىنى تاپىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى 4-، 5 - ئەسىرلەرگە تەۋە ئىدى، كۆپ قىسمى خەنزۇچە، ئاز قىسمى ئۇيغۇرچە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە رەسىم ۋە لاي بۇتلارنىمۇ قېزىۋالىدۇ. ئۇلار 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى لۈكچۈنگە بېرىپ ئەتىسى لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ۋاڭنىڭ ئايالى قومۇل ۋاڭىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلار تۇرپانغا قايتقاندىن كېيىن شۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ئۈزۈم ۋە نان بىلەن كۈتىدۇ ھەمدە 1903 - يىلى ئىككى ياپونىيىلىكنىڭ مۇشۇ ئۆيدە مېھمان بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇلار بەلكىم ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى تۇنجى قېتىم تەشكىللىگەن غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ۋاتانابى تېششىن بىلەن خورى ماسۇو بولسا كېرەك. 1909 - يىلى 1 - ئايدا بۇ ئىككەيلەن تۇرپاندىن كورلىغا يولغا چىقىدۇ. كورلىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىككىسى ئىككى يولغا بۆلۈنىدۇ، نومۇرا ئېيزابۇرو تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ تەكشۈرگەچ قەشقەرگە ماڭىدۇ، تاچىبانا بۇددا دىنى خارابىلىرىنى يەنىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن لوپ

قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، 1900 ـ يىلى 3ـ ئايدا سۇۋېن ھېدىن بايقىغان، 1906 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ستەين ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگەن كروران قەدىمىي شەھىرىنى ئىزدەشكە ئاتلىنىدۇ. ئەينى چاغدا سىۋېن ھېدىننىڭ كروران قەدىمىي شەھىرىدىن قېزىۋالغان بۇيۇملىرىغا ئاساسەن قەدىمكى زاماندىكى كروران پادىشاھىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قايسى مەزھەپتىكى بۇددا دىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت شەكلىنى ئېنىقلاش تاچىباناناڭ ۋەزىپىسى ئىدى. تاچىبانا كروران قەدىمىي شەھىرىگە بېرىپ بىر مەزگىل تەكشۈرۈپ خېلى كۆپ نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «لىبو مەكتۇپى» ئەڭ داڭلىق قولىيازما ھېسابلىنىدۇ. تاچىبانا كروراندىكى تەكشۈرۈشىنى تۈگىتىپ، جەنۇبىي يولنى بويلاپ دوكتور ستەين بايقىغان نىيە قەدىمىي شەھەر خارابىسى بىلەن ئەندىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن شىمالىي تەرەپكە قىلغان سەپىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خوتەن تەۋەسىدىكى ئىمام جەپىرى سادىق مازىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئاندىن كېرىيە ۋە خوتەن ئارقىلىق 7ـ ئاينىڭ بېشىدا قەشقەرگە كېلىپ، بىر چوڭ باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، كورلىدىن يولغا چىقىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ قەشقەرگە كەلگەن يەنە بىر ئەترەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. تاچىبانا بۇ ئۆيدە بىر ئاي تۇرىدۇ. بۇ ئائىلە بىر ئاي جەريانىدا تاچىباناناڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، ئۇ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ مېڭىش ئالدىدا بۇ ئائىلىنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولۇپ، سوۋغا قىلغۇدەك بىرەر ئوبدان نەرسە تاپالماي، ئاخىرى بۇ باينىڭ ھويلىسىغا خاتىرە سۈپىتىدە بىر توپ نەشپۈت كۆچىتى تىكىپ بېرىدۇ. ئۇلار قاغىلىق بىلەن پوسكامنى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ ئاندىن توپلىغان بارلىق ئاسارىئەتىقىلەرنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ پامىر ئارقىلىق ھىندىستانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى 2ـ قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاياغلىشىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىم شىنجاڭدىن خېلى كۆپ ۋە قىممەتلىك ئاسارىئەتىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن، تۆۋەندە بۇلارنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى:

1. مۇكەممەل ساقلانغان 30 جىلدتەك بۇددا نومى.
2. 11 مېتىرچە كېلىدىغان ئۇيغۇرچە بۇددا نومى.
3. بىر تەرىپىگە خەنزۇچە، يەنە بىر تەرىپىگە موڭغۇلچە يېزىلغان مەخپىي دىن مەزھىپىنىڭ ھېكمەت ۋە دۇئالىرى.
4. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، تۈركچە كەمتۈك يازمىلار.
5. بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇنلار كەشتىلەنگەن رەخت پارچىلىرى.
6. غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلگەن، سۇرىيە يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە پۇللار، ئادەتتىكى تامغا ۋە مىس تامغىلار.
7. بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇنلار سىزىلغان رەڭلىك تام رەسىملىرى.
8. تىبەتچە بامبۇك تارشىلار.

تاچىبانا زۇئىچو بۇ قېتىم شىنجاڭنى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تەكشۈرۈپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، ئەمما ئېچىنىشلىق بولغىنى ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ساياھەت خاتىرىسى ئېلان قىلىنماي تۇرۇپلا بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

## غەربىي يۇرتنى ئۈچىنچى قېتىم تەكشۈرۈش

ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ داھىسى ئوتانى لوندوندا غەربىي يۇرتنى 3 - قېتىم تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، 1910 - يىل 8- ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇلارنى لوندوندىن يولغا سالدۇ. تاچىباناغا ئەنگلىيىلىك ياش خوبۇسنى قوشۇپ قويدۇ. بۇ ئىككىسى روسىيە ئارقىلىق چۆچەككە كېلىپ، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىدە يېرىم ئايدەك تۇرۇپ، تەكشۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىۋالغاندىن كېيىن تۇرپانغا بېرىپ ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ، يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى ۋە يازما خاتىرىلەرنى قېزىپ چىقىدۇ. نەرسە - كېرەكلەر كۆپ بولغاچقا، تاچىبانا يۈك - تاقلارنى ھەمراھى خوبۇسقا تاپشۇرۇپ، 12 - ئاينىڭ بېشىدا ئۇنى كۇچاغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۆزى چۆللۈك سەپىرىگە زۆرۈر بولغان يۈك - تاق، ئوزۇق- تۈلۈك، مۇز ۋە ئىشلەمچىلەرنى تەييارلاپ لۈكچۈنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ لۈكچۈنگە كېلىپ لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. تاچىبانا 1908 - يىلى تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كېلىپ بۇ يەردىن ئۆتكەندە، مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەن ھەمدە لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. شۇڭا بۇ قېتىممۇ ئۇدۇللا مۇشۇ ئۆيگە چۈشىدۇ ھەمدە ۋاڭنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە ئېرىشىدۇ. تاچىبانا لۈكچۈن ۋاڭىغا سوۋغا قىلغۇدەك ئوبدان نەرسە تاپالماي، ئاخىرى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىتىنى ۋاڭغا سوۋغا قىلىدۇ. ۋاڭمۇ ئۇنىڭغا بىر سېۋەت كىشمىش ئۈزۈم سوۋغا قىلىدۇ. ئۇلار لۈكچۈندىن چىقىپ ئاتمىشبۇلاق ئارقىلىق لوپنور چۆللۈكىدىكى كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىغا بارىدۇ. ئۇ كروراننى تەكشۈرۈش جەريانىدا يېڭى بىر خارابىلىكنى بايقايدۇ. كېيىنكى يىلى چاقىلىقتا، ئاندىن چەرچەنگە بېرىپ بۇ يەردە سۇ ۋە يېمەكلىك تەييارلايدۇ. ئۇ 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىدا 20 كۈن يول يۈرۈپ، تارىم دەرياسىغا كېلىدۇ. تاچىبانا تۇرپاندىن يولغا سېلىپ قويغان ھەمراھى خوبۇس بىلەن كۇچادا ئۇچراشماقچى بولغانىدى. ئۇ بۈگۈر ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ، ھەمراھى خوبۇسنىڭ بەدىنىگە چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، جەسىدىنىڭ قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولىدۇ ھەمدە دەرھال قەشقەرگە ماڭىدۇ. تاچىبانا قەشقەرگە كېلىپ 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەنگلىيە كونسۇلى بىلەن بىرلىكتە خوبۇسنى شۇ يەرگە دەپنە قىلىدۇ. تاچىبانا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قەشقەرگە كەلگەن چېغىدا بىر چوڭ باينىڭ ئۆيىدە بىر ئايدەك تۇرغانىدى، بۇ قېتىممۇ ئۇ يەنە شۇ باينىڭ ئۆيىدە ئۈچ ھەپتىدەك تۇردۇ ھەمدە ئالدىنقى قېتىم دوستلۇق خاتىرىسى سۈپىتىدە ھويلىغا تىكىپ قويغان نەشپۈت كۆچىتىنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئۇ 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول بويى قەدىمي خارابىلەرنى تەكشۈرۈپ ماڭغاچ خوتەنگە كېلىدۇ. تاچىبانا خوتەندە تۇرغان مەزگىلدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللىكلەر ۋە يەرلىك بايلار ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ كۆپ قېتىم زىياپەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا بۇ ساھىبخانلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ ھەممىنى چاقىرىپ، بىر ئۇيغۇر باينىڭ ئۆيىدە كاتتا خوشلىشىش زىياپىتى بېرىدۇ. زىياپەتتە نەغمە ـ ناۋا قىلغانلارنىڭ، ئۇسسۇل ئوينىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر ئىدى. زىياپەتتە ئوينالغان ھەر خىل ئۇسسۇللار ئىچىدىكى چىراغ ئۇسسۇلى تاچىبانانى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ بېشىغا كىچىك تەخسە قويۇلۇپ، تەخسىگە ياغ قۇيۇلغان بولۇپ، ياغقا ئوت يېقىلىدۇ، ئۇسسۇلچى مۇزىكا تۈگىگىچە بېشىدىكى تەخسىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ قويماي ھەمدە ياغنىمۇ تۆكۈۋەتمەي ئۇسسۇل ئوينايدۇ. تاچىبانا خوتەندە ئىككى ئايدەك تۇرۇپ قەدىمي شەھەر خارابىلىرىنى تەكشۈرىدۇ. ئۇ خوتەندە چوڭ بىر ئەترەت تەشكىللەپ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېرىيىگە يولغا چىقىدىغان كۈنى، خوتەندىكى مەزگىلدە دوست بولۇشقان ئۆلىما ۋە بايلاردىن بولۇپ 30 نەچچە ئادەم ئىشلەمچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ. ئۇ كېرىيىگە بېرىپ ئاندىن كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ئارقىلىق قۇرۇم تېغىنى بويلاپ دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز تىبەت ئېگىزلىكىگە قاراپ ماڭىدۇ. بۇ رايونلار ئادەم ئايىغى يەتمىگەن يەرلەر بولۇپ يولمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بۇ جەرياندا ناھايىتى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدۇ، بەزى كېچىلىرى قويلىرىنى تەرەپ تەرەپتىن بۆرىلەر يەپ ئازلا قالدۇرۇپ قويىدۇ، بەزى كۈنلىرى ئادەملىرى ئوكسىگېن يېتىشمىگەنلىكتىن توپ ـ توپ بولۇپ ھۇشىدىن كېتىدۇ، يول شارائىتى ئىنتايىن ناچار، سەپەر ناھايىتى جاپالىق ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، تاچىبانا ياللىغان نەچچە ئون ئادەم بىر كۈنى ئايدىڭ كېچىدە تۇيدۇرمايلا قېچىپ كېتىپ، پەقەت ئىككىلا ئادىمى قالىدۇ. بۇ ئىككى ئادىمى بىلەن بۇنداق ناچار شارائىتتا قالغان سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەملىرى قالمىغاچقا ئامالسىزلىقتىن كۆپ قىسىم نەرسىلىرىنى چېدىرغا يىغىپ قويۇپ، قالغان ئىككى ئادىمىنى باشلاپ كەينىگە يېنىپ كېرىيىنىڭ پۇلۇ كەنتىگە كېلىدۇ. تاچىبانا پۇلۇ كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن ئادەم ياللاشنى باشلىۋېتىدۇ، ئەمما شۇنچە قىلسىمۇ بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭغا ئىشلەپ بېرىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىزلىقتىن كېرىيىگە بارىدۇ، بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا بىرەر ئادەمنىمۇ ياللىيالمايدۇ. ئاخىرى خوتەنگە بارىدۇ، بۇ يەردە مىڭ تەسلىكتە لازىملىق ئادەم سانىنى تولدۇرۇپ يەنە يولغا چىقىدۇ. ئۇلار خېلى كۈن مېڭىپ يۈك ـ تاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان يېرىگە يېتىپ بارىدۇ، ئۇلار دېمىنى ئېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رەتلەپ تىبەت

ئېگىزلىكىگە قاراپ ماڭىدۇ، بۇ قېتىم ئۇلار تېخىمۇ ناچار شارائىتلارغا يولۇقىدۇ، ئات، قوتاز، قېچىرلىرى كۈندىن كۈنگە ئازىيىپ كېتىدۇ، ئوزۇق - تۈلۈكىمۇ تۈگىگىلى تۇرىدۇ، ئادەملىرىمۇ شارائىتنىڭ ناچارلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۈندە دېگىدەك قېچىپ كېتىپ تۇرىدۇ، ئاخىرى تىبەت ئېگىزلىكىگە كەلگەندە 18 ۋە 20 ياشلىق ئىككىلا ئادىمى قالىدۇ، قالغان چارۋىلىرى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. تاچىبانانىڭ تىبەتنى تەكشۈرۈش پىلانى مەغلۇپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئامالسىزلىقتىن بۇ ئۈچ ئادەم ئون نەچچە كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلاپ، قالغان نەرسىلىرىنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، تاغدىن شىمال تەرەپتىكى تەكلىماكان قۇملۇقى تەرەپكە قاراپ نەچچە كۈن مېڭىپ مىڭ بىر جاپادا ئاخىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بىر كەنتكە كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلىدۇ. ئۇلار بۇ كەنتتە بىر ئىمامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، ئەتىسى كېرىيىگە ماڭىدۇ. ئۇ كېرىيىگە كېلىپ بىر ھىندىستانلىق تونۇشىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، تىبەت ئېگىزلىكىگە تاشلاپ قويغان مۇھىم نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئاندىن بۇ يەردە يەنە ئەترەت تەشكىللەپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭغا قاراپ يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئۇ 14 ئادەملىك كارۋان تەشكىللەپ، يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى تۈگەتكەندە، تاچىباناغا ياردەم قىلغان كېرىيىلىك يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بىر كۈن بۇركۈت بىلەن ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. تاچىبانا كېرىيەدىن يولغا چىقىپ، قورۇمتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ شەرققە مېڭىپ، چەرچەندىن ئۆتۈپ چاقىلىققا كېلىدۇ.

بۇ مەزگىل جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابى بولىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى خەۋەرلەر خۇددى مۇشتۇمدەك بىر كاللەك قار تاغدىن پەسكە دومىلاپ چۈشكىچە ئۆيدەك بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە شاخلاپ، كۆپتۈرۈلۈپ، بۇ يەردىكىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋېتىپتۇ. ياپونىيە تەرەپ بۇ مەزگىلدە تاچىبانانىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يوشىكاۋا كوئىچىرونى ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىدۇ. تاچىبانانىڭ ئەترىتىدىكى ئادەملەر ئىنقىلابنىڭ ۋەھىملىك خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ كۆپ قىسمى ئىش ھەققىنىمۇ ئالماي چېكىنىپ چىقىپ ئازراقلا ئادىمى قالىدۇ. تاچىبانا چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسى ساۋادى بار، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى، ئۇ تاچىباناغا ئەقىل ئۆگىتىپ بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇيغۇرچە ياسىنىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرغاندا بىر قەدەر بىخەتەر بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. تاچىبانا بۇ مەسلىھەتكە كۆنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىگىسى ئۇنى بېشىدىن ئايىغىغىچە ئۇيغۇرچە ياساندۇرۇپ، ئاندىن بىرنەچچە ئادەم بىلەن دۇنخۇاڭغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار سەپەرنىڭ 11 - كۈنى ئەتىگەندە تۆگە مىنىۋالغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئادەم ئۇيغۇر سودىگەر بولۇپ، دۇنخۇاڭدىن يۇرتىغا قايتىۋاتقانىكەن. سودىگەر ئۇلارغا، دۇنخۇاڭدا ئىنقىلاب بولمىغانلىقىنى، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئۇ

يەردە بىر ياپونىيىلىكنىڭ لوپنۇر تەرەپتىن كېلىدىغان يەنە بىر ياپونىيىلىكنىڭ ساقلاۋاتقىنىغا تۆت ئايچە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەمدە ئۇ ياپونىيىلىكنىڭ چاقىلىقتىكى ھۆكۈمەت ئارقىلىق تاچىباناغا يەتكۈزۈلىدىغان خېتىنى قويىنىدىن چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ. تاچىبانا ئۇيغۇرچە ياسىنىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىگەچكە، سودىگەر ئۇنىڭ ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى چاندۇرمايدۇ، تاچىبانا سودىگەرگە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ياپونىيىلىكنىڭ ياللىغان ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر چاقىلىقتا ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ ئىككى كۈن ئىچىدە مۇشۇ جايدىن ئۆتىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ خەتنى چاقىلىقتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تاپشۇرىمەن، دەيدىغان بولسا، بۇ خەتنىڭ ئىگىسى بىلەن يولدا ئۆتۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر خەتنى ئۇلارغا بېرىدۇ. تاچىبانا خەتنى ئېلىپ سودىگەر بىلەن خوشلىشىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، نەچچە كۈن مېڭىپ ئاخىرى كېچىدە دۇنخۇاڭغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇ مەزگىللەردە دۇنخۇاڭدا 30غا يېقىن ئۇيغۇر بار ئىدى. ئۇلار شۇ كېچىدە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتقان ياپونىيىلىك چۈشكەن ئۆينىڭ دېرىكىنى ئالىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىمۇ شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ھېلىقى ياپونىيىلىك يوشىكاۋا كوئىچىرو بىلەن ئاخىرى كۆرۈشىدۇ. بۇ مەزگىل 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. شۇ چاغدا تاچىبانا 20 ياشتا ئىدى، يوشىكاۋا كوئىچىرو بولسا 26 ياشلىق، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياش ئىدى. بۇ ئىككەيلەن دۇنخۇاڭدا تۇرغان

مەزگىلدە شۇ يەردىكى راھىبلارنىڭ قولىدا قېپقالغان دۇنخۇاڭ يازمىلىرىنى سېتىۋالىدۇ.



كوئىچىرو دۇنخۇاڭدا

كېيىن يوشىكاۋا كوئىچىرو قومۇلنى تەكشۈرۈشكە ماڭىدۇ، تاچىبانا جۇڭگو ئارقىلىق ياپونىيىگە قايتماقچى بولىدۇ. ئەمما جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى ۋەزىيىتى قالايمىقان بولغاچقا، جۇڭگو ئارقىلىق ماڭالماي، روسىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە قايتىشقا توغرا كېلىپ يەنە شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىپ، قومۇلدا يوشىكاۋا كوئىچىرو بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار بۇ يەردە قومۇل ۋاڭىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شاھ مەخسۇت ۋاڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇلار ئوردىغا كىرئۆيتىپ نەيزە، قالقان تۇتقان 20دىن ئارتۇق قىزىل كىيىملىك ياساۋۇلنىڭ پوستتا تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيگەن شاھ مەخسۇت ۋاڭ ئۇلارنى ئوچىقى بار، گىلەملەر سېلىنغان مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىدۇ. ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئولتۇرىلىقتا ۋاڭدىن خەلقى ئىچىدىكى زېھنى ئۆتكۈر ياشلاردىن 2 ـ 3نى تالالاپ ياپونىيىگە ئاپىرىپ تەربىيىلەپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغاندا، شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ

تەكلىپكە قوشۇلمايدۇ. ئۇلار ۋالڭ ئوردىسىدا ئۇزۇن ھايال بولمايدۇ. بۇ ئىككەيلەن قومۇلدىن چىقىپ، بىرلىكتە تۇرپانغا بېرىپ قەدىمىي خارابىلەرنى ئون نەچچە كۈن تەكشۈرىدۇ. كېيىن تاچىبانا ئۇرۇمچىگە بېرىپ، چۆچەك ئارقىلىق روسىيىگە ئۆتۈپ ياپونىيىگە كېتىدۇ. يوشىكاۋا كوئىچىرو تەشكىلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭدا قېلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى ۋە قەشقەر، خوتەن، غۇلجىلارنى تەكشۈرىدۇ. 1914 - يىلى 5 - ئايدا بېيجىڭغا كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە نىشى خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى 3 - قېتىم تەكشۈرۈشى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىگە ئوخشاش قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە تاش ئۆڭكۈرلەرنى تەكشۈرگەندىن سىرت يەنە قەدىمىي قەبرىلەرنىمۇ قېزىپ تەكشۈرىدۇ. قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ۋە تاش ئۆڭكۈرلەرنى تەكشۈرگەندە باشقىلاردىن ئاشقان- تاشقىنىغا ئېرىشىدىغان گەپ، ئەمما بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا قەدىمىي قەبرىلەرنى قازغاندا، باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن، مۇكەممەل ساقلانغان، تارىخى ئۇزۇن نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇلار تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە قولغا چۈشۈرگەن ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ پارچىلىرى، بۇددا نومى پارچىلىرى، تام رەسىملىرى، بۇتلار، ئەر - ئاياللارنىڭ قۇرۇپ قالغان جەسەتلىرى، فارفور بۇيۇملار، قەدىمىي تەڭگىلەر، جەسەتلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار دېگەندەك نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. تاچىبانا زۇئىچو: «غەربكە سەپەر»، 1999 - يىل 2 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.
2. تاچىبانا زۇئىچو: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى»، 1993 - يىل 12 - ئاي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.
3. «سىرلىق ماكان — غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»، 1988 - يىل 4- ئاي، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# «قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» ھەققىدە

ئايگۈل ئوسمان

(«بۇگۈنكى شىنجاڭ» ژۇرنىلى نەشرىياتىدىن)

مىلادىيە 1279 ـ 1368 ـ يىلغىچە بولغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىپ ئوۋ ياڭشۈەن (欧阳玄) 1358 ـ يىلى «گۈي جەي توپلىمى» (圭斋文集) دېگەن ئەسەرنى تۈزگەن، ئۇنىڭدا «قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» (高昌契氏家传) دەيدىغان بىر جىلد بار. ئەينى زاماندا ئۆتكەن يەنە بىر ئەدىپ سۇ تيەنجۆ (苏天爵) «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەر» (元文类)ناملىق بىر كىتاب تۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ «قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» دېگەن ئەسەر كىرگۈزۈلگەن، شۈبھىسىزكى بۇ ئەسەر «گۈي جەي توپلىمى» دىن ئېلىنغان. «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەر» دېگەن كىتابنىڭ كىرىش سۆزى ۋە خاتىمىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىتاب 1334 ـ يىلى (يۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى) تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئوۋ ياڭشۈەننىڭ «گۈي جەي توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن «قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» نى مۇشۇ مەزگىلدىن ئىلگىرىرەك يازغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئوۋ ياڭشۈەن (1274 ـ 1358 ـ يىلغىچە)، ئىسمى يۈەن گۇڭ، تەخەللۇسى گۈي جەي، «بۈيۈك جىڭشى قامۇسى» نى تۈزگەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ بىرى.

قوچودىكى شى جەمەتى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سانسىزلىغان ئۇيغۇر جەمەتلىرى ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، نوپۇزلۇق، مەرتىۋىسى يۇقىرى جەمەت بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

مەزكۇر شەجەرىنىڭ باش تەرىپىدە: «شى جەمەتى ئۇيغۇرلاردىندۇر، تۇنيۇقۇق ئۇلارنىڭ ئەجدادىدۇر، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەندە تۈركلەر سۇي سۇلالىسىغا تەۋە بولغان، نوپۇسى كۆپ ئىدى. تۈرك قەۋمى ئايىمقىز پوپۇنى قاپاغان قاغانغا ياتلىق قىلىپ قاتۇن دەپ ئاتاپ، ئۇلۇس ئىشلىرىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولدى...» دېيىلگەن. كېيىن قاپاغان خاقان ۋاپات بولغاندا دۆلەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، پوپۇ قاتۇن ئۇلۇس ـ ئايماقلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان. قاپاغان خاقاننىڭ يەرلىرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. تۇنيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋۋالقىدەكلا ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرلىرى بولغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تۇنيۇقۇق ئاشىد قەبىلىسىدىن بولۇپ، تۈرالاردىن كېلىپ چىققان. ئاشىنا قەبىلىسى باش بولۇپ 552 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنى

قۇرغاندا ئاشىد قەبىلىسى ئاشىنالارغا كۈچلۈك ھەمدەمدە بولغان. شۇڭا ئاشىد قەبىلىسى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى قەبىلىلەر ئىچىدە غوللۇق قەبىلىگە ئايلانغان. 744 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا تۈنيۇقۇق جەمەتىنى يادرو قىلغان ئاشىد قەبىلىسى ئۇيغۇرلار بىلەن تىركەشمەي ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن.

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، خەلقىنىڭ بىر بۆلىكى قوچوغا كۆچۈپ كەلگەندە تۈنيۇقۇق جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەڭ كۆچۈپ كەلگەن. ئوۋ ياڭشۈەن يازغان «قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» دە: ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا جاھان تىنچ ئىكەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرى (742 ـ 756ـ يىللار) دا ئەنلۇشەن، شىسىمىڭ توپىلىڭى يۈز بەرگەندە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇيغۇر خانلىقى تۈنيۇقۇقنى قوشۇن باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن، ئۇ 120 يىل ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، دەپ يېزىلغان. شى جەمەتى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىزچىل يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. كېيىن چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بېيئەت قىلغان، شى جەمەتىنىڭ ئەزالىرىمۇ موڭغۇل ئوردىسىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندا شى جەمەتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىمۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇلاردىن 47 داڭلىق شەخس يېتىشىپ چىققان. يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلىپ مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان شى جەمەتى ئەزالىرى كورىيىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەمدە مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ سودا ئالاقىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە كۈچىيىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. ئۇلاردىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق ئەدىپ شيې سۈن ( 楔 逊 ) خەنزۇ تىلىدا «يېڭى زىكرىنامە خاتىرىلىرى» ( 近思 斋遗稿 ) ناملىق بىر ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە شيې سۈن كورىيە ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە شەخسكە ئايلاندى.

ئوۋ ياڭشۈەن يازغان «قوچودىكى شى جەمەتى شەجەرىسى» دە بۇ جەمەتنىڭ 500 ـ 600 يىللىق تارىخى قىسقا، ئىخچام ۋە مېغىزلىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە:

1 . ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسى بولغان. ئوۋ ياڭشۈەن گەرچە بۇ نەسەبنامىنى خەنزۇچە خاتىرىلەپ چىققان بولسىمۇ، يەنىلا شى جەمەتى ئەزالىرى ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن نەسەب ـ شەجەرە خاتىرىسىنى ئاساس قىلغان.

2 . قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاشىد قەبىلىسىنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرى ھەمدە بۇ قەبىلىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشتە پايدىلىق ماتېرىيال بولالايدۇ.

3 . ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە قۇدرەت تېپىشىدىكى رولى ۋە تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4 . مىڭ سۇلالىسى بىلەن كورىيىنىڭ تارىختىكى ئالاقىسى ۋە ئىككى مەملىكەت

www.uyghurkitap.com

# چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆلچەش - سىزىش پائالىيەتلىرى

نىياز كېرىمى تۆپە ئاتا

(شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىدىن)

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭ چەت دۆلەتلەر قىزىقىدىغان ماكانغا ئايلىنىپ قالدى. چار روسىيە ھەربىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى، شەھەر - كەنتلىرى، مۇھىم يوللىرى، قورغانلار، ئۆسۈملۈكلەر، ياۋايى ھايۋان، يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن كۆپ قېتىم شىنجاڭغا مەخسۇس ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ شىنجاڭغا ئارخېئولوگىيە ۋە جۇغراپىيە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن.

17 - ئەسىردە رۇس كارتوگرافى ئىزۋىتوف ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، باي، سايرام، قىزىل، كۇچا، بۈگۈر، شايار، كورلا، قاراشەھەرلەرنىڭ پاراللېل، مېرىدىئانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن.

---

خەلقىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

5. جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى، يۆتكىلىشى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت ساپاسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. چېن گاۋخۋا: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر، قارلۇقلارغا دائىر ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندە» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىل نەشرى.

2. تيەن ۋېيجياڭ: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

3. شاڭ يەنبىڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە) مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1999 - يىل نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

1856 - يىلى چار روسىيە ھەربىي كارتوگرافىيە خادىملىرى ئىلى چېگرا رايونى (روسىيە تەۋەسىدىكى) ۋە جۇڭگو تەۋەسىدىكى قىرغىزلار جايلاشقان بىر قىسىم يەرلەرنى خەرىتىگە ئالغان. 1876 — 1877 - يىللىرى چار روسىيە گېئوگرافى نىكولاي مىخايلوۋىچ پرىژېۋالىسكى (1839 — 1888) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئىلى ئارقىلىق (شۇ چاغدا ئىلى چار روسىيە ئىشغالىيىتىدە ئىدى) توققۇزتارا، كۈنەس، يۇلتۇز، خوتۇنسۇمۇل، قاراشەھەر، كورلىلارنى بېسىپ، لوپنۇر كۆلى ۋە ئالتۇنتاغلارنى چارلاپ، يول ئەتراپىدىكى جايلارنى خەرىتىگە ئالغان. پرىژېۋالىسكىنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئىلىدىن كورلىغا 530 چاقىرىم (بۇ رۇسلارنىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ، رۇس چاقىرىمىدىن ئىبارەت، تۆۋەندىمۇ شۇنداق، بىر رۇس چاقىرىمى 1066.8 مېتىرغا تەڭ) يەنى 540 كىلومېتىردىن ئاشىدىكەن. بۇ يولدىكى ئەڭ ئېگىز داۋانلاردىن نارات (نارئارت) داۋىنى دېڭىز يۈزىدىن 9800 فۇت (بىر فۇت 0.3048 مېتىرغا تەڭ) يەنى 2987 مېتىر، قاپچىغاي غولىنىڭ داۋان بېشى 9360 فۇت (2853 مېتىر) ئېگىز ئىكەن. لوپنۇر كۆلىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتىكى، ئۆگەن دەرياسى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايدىكى (كورلىنىڭ 80 چاقىرىم جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) تارىم دەرياسىنىڭ كەڭلىكى 60 ساۋىن (بىر ساۋىن 2.133 مېتىرغا تەڭ) چوڭقۇرلۇقى 3 ساۋىن كېلىدىكەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئابدۇللاخۇن دېگەن كەنتتىن ئۆتكەندە دەريانىڭ كەڭلىكى 18 ساۋىن، چوڭقۇرلۇقى 2 ساۋىن، ئېقىش تېزلىكى مىنۇتىغا 140 فۇت (42.672 مېتىر) قا يېتىدىكەن. لوپنۇر كۆلىگە يېقىنلىشىپ بارغاندا كەڭلىكى 3 — 4 ساۋىن بولۇپ قالىدىكەن. لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى قومۇشلۇققا كەلگەندە يوقىلىدىكەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 چاقىرىم (107 كىلومېتىر)، كەڭلىكى 20 چاقىرىم (21.3 كىلومېتىر) بولۇپ، بۇ كۆلنى ئېگىزلىكى 6 مېتىردىن ئاشىدىغان يىكەن، قومۇشلار قاپلاپ كەتكەنىكەن. كۆلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا كەڭلىكى 1 — 3 چاقىرىم، بەزى جايلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 12 — 13 فۇت كېلىدىغان بىر ئۇزۇنچاق سۈزۈك ئېقىن بار ئىكەن.

پرىژېۋالىسكى 1877 - يىلى كورلا، چاقىلىق، چاقىلىق بۇلاق ۋە ئابدۇللا كەنتىنىڭ پارالېل - مېردىئانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن. 1879 — 1880 - يىللىرى يەنە ئالتۇنتاغنى تاپقان ۋە قومۇل، تۇرپانلارنى تەكشۈرگەن، ئايدىڭكۆلنى ئۆلچەپ، بۇ كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئىسپاتلىغان. 1883 - 1885 - يىللىرى قەشقەر، خوتەن رايونلىرىنى، خوتەن دەرياسىنى، ئاقسۇ رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەرلەر ۋە يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، يوللار، دەريالار، كۆللەر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىلەرنى سىزىپ ئېلىپ كەتكەن.

1871 — 1872 - يىللىرى چار روسىيە كارتوگرافىيە خادىملىرى ئىلى رايونىنىڭ 1:210000 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى، 1872 - يىلى يەنە ئىلى رايونىنىڭ 1:840000 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىپ چىققان.

1872 - يىلى رۇس پۇدپولكوۋنىك شارنىگۇرس قەشقەر، قارا كۆللەرنىڭ پارالېل، مېرىدىئانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن.

1873 - يىلى رۇس كاپىتانى سىپىلىۋ مۇزارت تاغ ئاغزىنىڭ ۋە ئۇ يەر ئارقىلىق ئاقسۇغا بارىدىغان يولنىڭ 1:84000 ماسشتابلىق تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزغان.

1867 - يىلى رۇس كاپىتانى پولتوراتسكى يېتەكچىلىكىدىكى ئۆلچەش - سىزىش ئەترىتى تېكەس دەرياسى ۋادىسى ۋە مۇزارت تاغ ئېغىزلىرىنى ئۆلچەپ، بۇ جايلارنىڭ 1:210000 ماسشتابلىق خەرىتىسى-نى سىزغان.

1876 - يىلى پولكوۋنىك گېئوگراف ئا. ف. كىروپاتكىن باشچىلىقىدىكى 64 كىشىلىك چار روسىيە ئەلچىلىرى ئۆمىكى ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرىيىگە كەلگەن. ئۆمەكتىكى كاپىتان كارتوگراف ستارتسېۋ قىرغىزىستاندىكى ئوش شەھىرىدىن قەشقەرگىچە، قەشقەردىن ئۇششاقتال بىلەن توقسۇن پاسىلىدىكى قاراقىزىلغىچە بولغان يولنى، يۇرتلارنى، دەريا - كۆللەرنى، قورغانلارنى ۋە مەشھۇر ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئۆلچەپ 1:210000 ماسشتابلىق خەرىتىسىنى سىزغان. ئۆلچەنگەن مەلۇمات بويىچە ئوشتىن قەشقەر يېڭىشەھەرگىچە 5. 373 چاقىرىم (399.6 كىلومېتىر)، قەشقەردىن كورلىغىچە 1300 چاقىرىم (1391 كىلومېتىر) كېلىدىكەن.

1877 - يىلى رۇس كاپىتانى سونارگولوف ئاقسۇ كوناشاھاردىن ئۈچتۇرپان ئارقىلىق قىرغىزىستاندىكى سىپىلخوكنوغا بارىدىغان يولنىڭ 1:210000 ماسشتابلىق گورىزىنتال خەرىتىسى (يۆنىلىش كۆرسىتىش خەرىتىسى) ۋە يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزغان.

19- ئەسىردە ئېنگلىز كارتوگرافلىرى قەشقەر، ياپچان، يېڭىسار، قىزىل، كۆكرابات، يەكەن، يېڭىشەھەر، مارالبېشى، پەيزاۋاتلارنىڭ پارالېل، مېرىدىئانلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن.

1894 - يىلى شۋېتسىيىلىك گېئوگراف سۋېن ھېدىن تاشكەنتتىن چىقىپ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرگە كېلىپ، كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كورلىغا كەلگەن. ئاندىن قاراشەھەرگە كېلىپ، كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ لوپنۇر كۆلىگە كېلىپ بۇ جايلارنى تەكشۈرگەن. بۇ قېتىملىق پائالىيەتتە ئۇ 550 پارچە خەرىتە سىزىپ ئېلىپ كەتكەن. شۇ ئاساستا 1897 - يىلى «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن ئىككى توملۇق كىتابىنى يازغان. بۇ كىتاب 1898 - يىلى نەشردىن چىققان. 1899 - يىل 8 - ئايدا 2 - قېتىم چار روسىيە ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، ئاندىن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ تارىمغا كەلگەن ۋە يەكەن دەرياسىنى خەرىتىگە ئالغان، ئاندىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ تەكشۈرۈپ 12 - ئاينىڭ باشلىرى كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى يانچىكۆلگە كېلىپ ئۇ يەردىن تارىمنى ياقىلاپ يەنە تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ، 2 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى چەرچەنگە كەلگەن. بۇ جەرياندا يول بويى تارىم دەرياسىنى ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىپ ماڭغان. ئۇ يەردىن قايتىپ يەنە يانچىكۆلگە كېلىپ، ئاندىن كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ لوپنۇر كۆلىگە كەلگەن ۋە كۆنچى دەرياسىنى ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان. ئۇ لوپنۇر كۆلى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆل دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەسەۋۋۇر 1921 - يىلى ئەسلىدە تارىمغا قۇيۇلىدىغان كۆنچى دەرياسى بىردىنلا ئۆز ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ، لوپنۇر كۆلى

(يىپچانكۆل) گە قۇيۇلىدىغان بولغاندىن كېيىنلا ئىسپاتلاندى. 1934 - يىل 1 - ئاپرېلدىن 1 - ئىيۇلغىچە لوپنۇر كۆلىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، بۇ كۆلنىڭ 1500 يىلنى دەۋر قىلىپ يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1901 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قەدىمىي شەھەر كروران خارابىسىنى تاپتى ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالدى ھەمدە پارالېل، مېردىئانلىرىنى ئېنىقلىدى. ھازىر كروران خارابىسىنى 1 - بولۇپ تاپقان كىشى سېۋېن ھېدىن دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كرورانىنى تۇنجى بولۇپ تاپقان كىشى ئۆردەك ئىسىملىك ئۇيغۇر («تىلسىم كروران قەدىمىي شەھىرى» خەنزۇچە، 32 - بەت). سېۋېن ھېدىن 1893 — 1897 - يىللىرى پامىر ئېگىزلىكى، يەكەن دەرياسى، تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونلىرىدا ياۋا تۆگە، بۇغا، يولۋاس، بۆرە، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تارقىلىش ئورۇنلىرىنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان.

ئاۋرىل ستەيىن (1862 _ 1834) 1905 _ 1940 - يىلغىچە تاشقورغان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، نىيە، كروران، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ، مىرەن خارابىسىنى تاپقان ۋە ئۇ يەرلەرنى سۈرەتكە تارتقان ۋە ئۆلچەپ خەرىتىگە ئالغان.

گىرونۋېدىل (1856 _ 1935) گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئۇ 1903 - يىل 4 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىلىكىنىڭ ئەينى ھالىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابە ئىزلىرىنىمۇ تەپسىلىي ئۆلچەپ خەرىتىگە چۈشۈرگەن.

1906 - يىلى فرانسىيىلىك ئارخېلوگ پ. پېللىئوت قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى ئەسكىسارنىڭ خارابىسىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. بۇ خەرىتىدە كۆرسىتىلىشىچە كوناشەھەرنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرىپىدە ئىككى سېپىل قالدۇقى، بۇرجىكىدە كوناشەھەر خارابىسى بار ئىكەن. شىمال تەرەپتىكى سېپىل قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 287 مېتىر، غەرب تەرەپتىكى سېپىل قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 213 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 58 مىڭ 835 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ 83 موغا تەڭ. مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا بۇ دائىرە قەدىمىي شەھەر كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە تەڭ كېلىدىكەن.

1930 - يىللاردىن كېيىن تاشيول ياساش، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھەلەش، شەھەر پىلانلاش، ھاۋا قاتنىشىنى يولغا قويۇش ۋە ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجى ئۈچۈن سوۋېت مۇتەخەسسىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە گېئودېزىيىلىك كونترول نۇقتىلار ئورنىتىلىپ ھەر خىل ماسشتابلىق خەرىتىلەر ئىشلەنگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «قەشقەرىيە»، 1982 - يىل، سودا باسمىخانىسى، خەنزۇچە.
2. «غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر»، 1996 - يىل، «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر» نەشرىياتى»، ئۇيغۇرچە.


تەھرىرلىگۈچى: پولات ھىمىت

www.uyghurkitap.com

# ئۆتمۈشتىكى قاتناش قوراللىرى ھەققىدە

مامۇت غازى

(ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياشانغانلار باشقارمىسىدىن)

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل ھايۋانلارنى بېقىپ كۆندۈرۈشتىن سىرت يەنە ئۇلاردىن كارۋان تەشكىل قىلىپ، يىراق - يېقىنلارغا سەپەر قىلىش، جەڭگە ئاتلىنىش، سودا - تىجارەت، سەيلە - ساياھەت قىلىش ۋە باشقا ئىشلار يۈزىسىدىن ھەر خىل قاتناش قوراللىرىنى ياسىغان. مەن ئۆتمۈشتە قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە 73 كۈندە پىيادە مېڭىپ چىققان ۋاقتىمدا چۆل - باياۋانلاردا كارۋانلارنىڭ قوڭغۇراق ساداسىنى، قونالغۇلاردا ھارۋىكەشلەرنىڭ غەلۋە - غەۋغاسىنى، قىمارۋازلارنىڭ تاۋكادىكى جېدەل-/ ماجىراسىنى، يۈك ئىگىسى بىلەن كىراكەش ئوتتۇرىسىدىكى بەزى تالاش - تارتىشلارنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدىم. شۇنىڭغا ئاساسەن ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن قاتناش قوراللىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمنى كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

1. تۆگىدىن تەشكىللەنگەن كارۋانلار

تۆگە كارۋانلىرى شىنجاڭدا ئەڭ ئاۋۋال تەشكىل قىلىنغان قاتناش - يۈك توشۇش كارۋىنى بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە دەپ قارالماقتا، بۇنداق بولۇشى تۆگىنىڭ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئالاھىدە تەرەپلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. 1) تۆگىنىڭ يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئات، قېچىرلارنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇپ قالماستىن ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا، قار - يامغۇر، بوران- چاپقۇنغا، سوغۇققا چىداملىق كېلىدۇ، يول ئۈستىدە ئاتقا ئوخشاش بېشىغا تورۋۇ ئېسىپ بوغۇز بېرىش ھاجەتسىز، تېرىقنىڭ ئۈنىدا يۇم قىلىپ ئاغزىغا سېلىپ قويسا كېتىۋېرىدۇ. 2) تۆگىنىڭ تاپىنى كەڭ، ئاستى يۇمشاق بولۇپ، قار - مۇزلۇق تاغ - داۋانلاردا تېيىلىپ كەتمەيدۇ، تاقىلاش ھاجەتسىز. تۆگىگە يۈك ئارتقاندا ئاۋۋال ئۈستىگە چوم يېپىلىپ ئىككى تۆشۈكىدىن تۆگىنىڭ لوككىسى ئۈستىگە چىقىرىپ قويىلىدۇ، ئاندىن چومنىڭ تۆشلىكى چىڭىتىلىپ، تۆگە چۆك - چۆك دەپ تىزلاندۇرۇلۇپ (چۆكۈرۈلۈپ) ئۈستىگە يۈك ئارتىلىپ بولغاندىن كېيىن قاتار تۇرغۇزۇپ بىر - بىرىگە چېتىلىدۇ، ئالدىدىكى تۆگىنىڭ بوينىغا بوم ئاۋازلىق چويۈن قوڭغۇراق



ئېسىلىدۇ. مانا بۇ شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن تەشكىل قىلىنغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى.

11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرى باغدات شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ «دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ، ئادەمنىڭ ئوبدىنى ئۆز يۇرتىدا قېرىيدۇ» دېگەن ماقال - تەمسىلى ئالىمنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۆز يۇرتىنى كۆرۈش ئوتى ئۇنىڭ قەلبىگە تۇتىشىدۇ. شۇ چاغلاردا «بۈيۈك كارۋان يولى» بىلەن باغداتقا بارغان قەبىلە قوشۇنىدىكىلەردىن ئوپاللىق كارۋان بېشى مالىك ۋە ئەسقەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى مەھمۇت قەشقەرىنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشكەندە ئالىم ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كارۋانلار تۆگە چومى ئۈستىگە يەلكەنلىك ئۆي ياساپ 89 ياشلىق ئالىمنى كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، خەتەرلىك جايلاردىن يۈدۈپ ئۆتكۈزۈپ، 78 كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ «مۇق يولى» بىلەن ئوپالغا سالامەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئالىم يەنە 7 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 96 يېشىدا ئوپالدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ①.

2. ئات - قېچىردىن تەشكىللەنگەن كارۋانلار

ئات بېشى ئارپا نەرىندا هاردى ئات،
ئات ئاتاڭچە بولسا بولسۇن قاق قوزۇقنى بايلايات.
هاردى دەپ ئاتلىرىڭنى قويۇپ بەرسەڭ مەيلىگە،
تاڭلا ئىزدەپ دەيسەن ئاللا توۋا پەندىيات.

15 تىن 20 گىچە ئات - قېچىردىن تەشكىللەنگەن كىراكەشلەر توپى كارۋان دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىگىسى كارۋان بېشى، مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ ماڭغۇچىلار كارۋان، ياللاپ ئىشلىتىلگەنلەر چاكار دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پانا (تۆگىچى، ئاتچى، ئېشەكچى) دېگەندەك ناملارمۇ بار. بۇ خىل ئات - قېچىرلارغا مۆلە توقۇپ ئاندىن يۈك ئارتىلىدۇ. بېشىغا نوقتا سېلىنىپ بىر-بىرىگە چېتىلىدۇ. ئالدىدىكى ئاتنىڭ بېشىغا زىل ئاۋازلىق مىس قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ، ئاتلارنىڭ توپتىن ئايرىلىپ قېلىشىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئاخىرىدىكى ئاتنىڭ بېشىغىمۇ كىچىك قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلىدۇ. كارۋانلار:

ئىلىنىڭ داۋانىدىن، كارۋان توختىماي ئۆتتى،
ئۆلمەيمەن دېگەن بىلەن، كىم مۇرادىغا يەتتى.
كارۋانلارنىڭ ئويىنىشى، ئېگىز تاغنىڭ باشى،
قولىدا پەرەڭ ياغلىق، قارا كۆزىدە ياشى.

راۋاپىڭنى ئالساڭچۇ، بىرىپ چۆللەردە چالساڭچۇ،
چېدىرىڭغا چۈشكەندە، مېنى قوينىڭغا سالساڭچۇ.
بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار، غېرىبنىڭ يولىنى باغلار،
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار، غېرىبقا غېرىب يىغلار.

دېگەنگە ئوخشاش كارۋان ناخشىسىنى ئېيتىپ، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر، تاشقى دۆلەتلەر بولۇپمۇ سوۋېت، ھىندىستانغا ئوخشاش قوشنا دۆلەتلەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتنايتتى.

3. ئۇزۇن يوللۇق قاتناش قورالى ھارۋا

ئەينى زاماندا جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپمۇ قەشقەر، يەكەنلەرنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ھارۋىلارنىڭ تۈرى كۆپ ئىدى، ئەمما ئۇزۇن يوللۇق كىرا ھارۋىلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان يۈك كۆپ بولغاچقا، بۇنداق كىرا ھارۋىلىرىنىڭ ياسىلىشى ئادەتتىكى ھارۋىلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل ھارۋىنىڭ ئوقى،

شادىسى، قاسقىنى (ئولتىڭى) ئۈجمە ياكى چىلان ياغىچىدىن ياسىلىدۇ، چاقى پۈتكەندىن كېيىن قاسقىنىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان تەرىپىگە قالپاقلىق يوغان مىق قېقىلىدۇ، كىرىشتۇرۇلگەن ئولتاڭنىڭ قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر بولىدۇ. ھارۋا كۆدىسىنىڭ ئىككى بېشىغا چويۈن قازان بېكىتىلىدۇ. ھارۋا ماڭغاندا بۇ جاي مايلاپ قويۇلىدۇ، ھارۋىنىڭ شوتىسى ئۇزۇن، كەڭ بولۇپ، ئۈستى يېپىق، ئالدى-كەينى ئوچۇق بولىدۇ. ھارۋىغا ئۈچ ياكى تۆت ئات قوشۇلىدۇ، شوتىنىڭ ئاستىغا بوم ئاۋازلىق يوغان قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ، شۇڭا بەزى كىشىلەر بۇنى گودۇك ھارۋا دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۆتمۈشتە بۇنداق ھارۋىلار ئەگرى-توقاي، توپىلىق يوللاردا ماڭالىغاچقا، ئەسكەر يۆتكەش، گازارما كۆچۈرۈش، قورال-ياراغ توشۇش، ھەربىيلەرگە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش جەھەتلەردە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، ھۆكۈمەت شەھەر-بازارلاردا شياڭيۈلارنى تۇرغۇزۇپ، ھارۋىلارنى باشقۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يوللۇق ھارۋا قاتنىشى شىنجاڭدا كەم بولسا بولمايدىغان قاتناش قورالىغا ئايلانغان.

ئۇزۇن يولدا ئادەم كىرا قىلىدىغان ھارۋىنىڭ تۈزۈلۈشى ئىخچام، كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ ئۈستى، ئالدى-كەينى كېمىر شەكلىدە قار-يامغۇر ئۆتمەيدىغان، توپا-چاڭ كىرمەيدىغان قىلىپ يېپىلىدۇ. ئىچىگە ئادەتتە سەككىز كىشى سىغىدۇ، ئەگەر ئالتە كىشى ئولتۇرسا كەڭتاشا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ، ئارام ئېلىپ ماڭالايدۇ. ئۆتمۈشتە سەتەڭلەرنىڭ ئەرەنچە ياسىنىپ ياشانغان ئىككى ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق ئاۋات شەھەرلەردە بەشلەڭ ئويناپ، سەيلە-ساياھەت قىلىپ، تەمبۇر-داپلارغا تەڭكەش قىلىپ ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرىنى، ئاتۇش ناخشىلىرىنى نەغمە قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەچچە جايدا ئۇچراتقانىدىم. بۇنداق ھارۋىغا ئىككى ئات قوشۇلىدۇ، مېڭىش سۈرئىتى تېز، قونالغۇ قوغلاشمايدۇ. بۇنداق كىرا ھارۋىلىرى مەن ئېسىمنى بىلسەم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا قەشقەر شەھىرى تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى مەرھۇم سېيىت نوچى قورۇسىنىڭ يېنىدىكى ئىككى چوڭ سارايدىن قاتنايدىكەن. ماڭىدىغان يولۇچىلار مۇشۇ سارايلاردا ھارۋا ساقلاپ تۇرىدىكەن.

بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە،
ئات ھارۋاڭنى قوش ئەمدى.
ئىلىغا كېتەر بولدۇق،
تونۇشقان يارلار خوش ئەمدى.

دېگەن قوشاق مۇشۇ يەردە چىققانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھارۋىكەشكە قارىتىپ توقۇلغان مۇنداق قوشاقلارمۇ بار:

ھارۋىكەش ئاۋارىكەش،
يوللار ئارا پەرۋانىكەش.
قىلىقلىرىڭغا ئەمدى بەس،
تەكرارلىساڭ ئىشىڭ تەس.
قوش ھارۋاڭنى تارت ئەمدى،

چاڭ تۇزۇتۇپ يوللاردا،
ئادەملەرنى دالجىتماي.
يالغۇزنى ئالداپ سىلاپ،
ئىككى بولسا گەپ ساتماي،
ئۆز يولۇڭغا ماڭ ئەمدى.

قاس چىقىرىپ قامچىدىن،
ئاتلىرىڭنى ماختىماي.
زۆرۈر ئىشىڭ بولمىسا،
يودەنزىدە توختىماي.
ئۆز يولۇڭغا ماڭ ئەمدى.

يالغان سۆزلەپ سارايدا،
يۈك ئىگىسىنى ساقلاتماي.
قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىپ،
كەلسە - كەلمەس پو ئاتماي.
تېز هارۋاڭنى تارت ئەمدى.

چەندازاڭنى ئېسىۋېلىپ،
چوكانلارغا قاش ئاتماي.
قىمارۋازغا ئەگىشىپ،
تاۋكادا ئوشۇق ئاتماي.
پۇلنى دەپ ئىمانىنى ساتماي،
تېچ يولۇڭغا ماڭ ئەمدى.

ئالدىڭدىكى جاي تۇمشۇق،
ئۇ يەردە بار نەچچە ئۇششۇق.
گەپ تالاشساڭ سولاپ قويىدۇ،
تاماق بەرمەي بىر قوشۇق.
قونىمەن دېگىنىڭ ئوشۇق،
توختىماستىن ماڭ ئەمدى.

هەي هارۋىكەش بۇرادەر،
شەيتان بىلەن باراۋەر.
راست گەپ قىلغان هالال يەر،
ئەستە ساقلا سۆزۈمنى،
قوش هارۋاڭنى خوش ئەمدى.

4. قاتناش قورالى — مەپە

مەپە يىراقتىن قارىماققا ئۇزۇن يولغا قاتنايدىغان ئادەم كىرا قىلىدىغان هارۋىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما مەپىنىڭ هەجىمى كىچىك بولۇپ، ئۈستى رەخت بىلەن ئوراپ چىرايلىق ياسىلىدۇ، ئىچىگە 4 كىشى سىغىدۇ. ئالدىدا ئىككى كىشى پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرالايدۇ. مەپىگە ئىككى ئات قوشۇلىدۇ. ئاتلارنىڭ بېشىغا ۋە دۈمبىسىگە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق مىس قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ، ئاتلار ماڭغاندا قوڭغۇراقلار زىل ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدۇ. ئەينى چاغدا مەپىكەشلەر هەرقايسى ۋىلايەت، ناهىيىلەردىكى دوتەي (ۋالىي)، ئامبال (هاكىم) قاتارلىق ئەمەلدارلارنى خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ بېرىش، ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، شۇنداقلا شەهەر - بازار كوچىلىرىدا مەپىنى يېتىلەپ يۈرۈپ، هەر تەرەپكە بارىدىغان يولۇچىلارنى توشۇغان.

---

## ئىزاهات

① «مەهمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى هەققىدە ئىزدىنىش» كە قاراڭ («قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 1 - سان).

② 1947 - يىل 3 - ئايدا مارالبېشى ناهىيىسىگە تەۋە قەدىمىي كونا يولدىكى چېدىركۆل دېگەن قونالغۇدىن ئاقسۇ كوناشەهەر ناهىيىسىگە تەۋە جام دېگەن قونالغۇدا گومىنداڭ ساقچىلىرى مېنى قولغا ئالغۇچە مەن بىلەن هەمراھ بولۇپ بىللە ماڭغان يوپۇغلىق توختى موللا دېگەن كىشى بۇ قوشاقنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

تەھرىرلىگۈچى: پولات هىمىت

# قومۇلدا باندىت تازىلاش

## توختى ئىبراھىم

I

1949 - يىل 11 - ئايدا 5 - كورپۇسنىڭ (سابىق مىللىي ئارمىيە) 14 - دىۋىزىيە 40 - پولكى ئۈرۈمچىگە كەردى. شۇچاغدا پولك كوماندىرى يۇسۇپوپ، مۇئاۋىنى گىمادىيوپ مالىك، كومىسسارى دۇڭ xx، سىياسىي باشقارما باشلىقى لى فامىلىلىك كىشى ئىدى. پولك ئۈچ باتالىيوندىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئادەم سانى 1000دىن ئاشاتتى، بۇلار ئۈرۈمچىگە كىرىپ بۇرھان شەھىدىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتى.

قوشۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر تەركىبى سۈپىتىدە مۇداپىئە خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

قومۇلنىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن 3 - باتالىيون قومۇلغا باردى. باتالىيون كوماندىرى كاپىتان ئىسمائىلوپ مۇھەممەت، يېتەكچى كاپىتان ئىبلاخۇن، شتاب باشلىقى ساقان ھاجىيوپ، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى ئەكبەروپ ئىدى. باتالىيوندا ئىككى روتا بار ئىدى، 1 - روتا كوماندىرى كاپىتان مومۇزا، 2 - روتا كوماندىرى تۇردىيوپ ئىدى. 1 - روتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پاروچىك ئىدرىس، سىياسىي رەھبەر ياسىنجانلار باشچىلىقىدا 300 دەك كىشى بۇيرۇق بويىچە ئايروپىلان بىلەن قومۇلغا باردى . بۇلارنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 6-دىۋىزىيىسى قارشى ئالدى.

شۇ چاغدا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يولۋاس بولۇپ، ئۇ گومىنداڭنىڭ قومۇلدا قالدۇرغان ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى.

ھامۇتخان دېگەن كىشى قومۇلنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىپ قوشۇن بىلەن بىللە قومۇلغا باردى. بۇ كىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ھەربىي رايون بەلگىلىگەن بولغاچقا، قوشۇندىكىلەر ھەممە ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلاتتى. بۇ ئادەم ئەسلىدە بۇرھاننىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى بولغانىدى. ئىچكى ئىشلارنى 6 - دىۋىزىيە رەھبەرلىرى باشقۇراتتى، باتالىيونغا 6 - دىۋىزىيىدىن بىر كىشى مەسلىھەتچى بولدى. بۇ چاغدا باتالىيوندا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇش ئۈچۈن 7 ئادەمنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پارتىيە ياچېيكىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئىسمائىلوپ، ئىبلاخۇن، مومۇزا، ئىدرىس، خې چۈلىن قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن تۇنجى ياچېيكا ئىدى.

II

شۇ چاغدا قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي ئىدى. 6 - دىۋىزىيە رەھبەرلىرى ئەھۋالنى داۋاملىق باتالىيون رەھبەرلىرىگە ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى. 1950 - يىل 4 - ئايدا يولۋاس تاغدا توپ ئىشىمىز بار دەپ ئىككى ماشىنىغا بالا - چاقىلىرىنى سېلىپ، 100 نەپەرچە ئەگەشكۈچىسى بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن «يولۋاس

باركۆلدىكى گومىنداڭنىڭ بىر قالدۇق باتالىيونىنى قوزغاپ، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. 6- دىۋىزىيە رەھبەرلىرى 3 - باتالىيونغا كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئوسمان بىلەن قوشۇلۇپ باندىتلىق ھەرىكىتىگە كىرىشكەنلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە 3- باتالىيوننى باركۆلگە بېرىشقا بۇيرۇدى. باتالىيون بىر كېچىدىلا قوزغىلىپ ئاپتوموبىل بىلەن باركۆلگە يېتىپ بېرىپ، باركۆلدە ئىككى كۈن تۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئوزۇق تەييارلىدى ۋە ئاتلىق ئىسكادرون بولدى. موشۇ چاغدا 6 - دىۋىزىيىگە پولك كوماندىرى رېن شىتەن رەھبەرلىك قىلاتتى. بىز شۇ ئادەمنىڭ رەھبەرلىكىدە باندىت قوغلاش ئۈچۈن شۇخۇڭ لۇشا دېگەن يەرگە يېتىپ باردۇق. بىز تەرەپتىن ئاساسلىق كوماندىرلار ئىسمائىلوپ، ئىمىنوپ ئېلاخۇن، ئىدرىس، تۇردىيوپلار ئىدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئوسماننىڭ قۇيرۇقچىلىرى بىلەن جەڭ قىلدۇق. ئالدىدا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن 40- پولك ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ قايتىپ كەتكەنىكەن.

رېن شىتەن بىزگە باندىتلارنىڭ داخۇڭ لۇشا دېگەن يەرگە ئورۇنلىشىۋالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئالدى بىلەن ئىدرىس باشچىلىقىدا بىر ئىنزۋوت ئەسكەر باندىتلارنى چارلاشقا داخۇڭ لۇشاغا ماڭغۇزۇلدى. بىز بۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇردۇق. ئۇلار قىيىن ئاچا يوللارنى بېسىپ ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. بۇ كەڭ ساي بولۇپ، ئىككى تەرىپى مۇنبەت يايلاق ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلار باندىتلارنىڭ رازۋېتكىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغ نامازشام ۋاقتى ئىدى. ئۇلار يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمايدۇ. دۇشمەن كۆپ، ئۇلار ئاز، دۇشمەن تاغ ئۈستىدە، ئۇلار پەستە ئىدى. قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئەھۋال يار بەرمەيتتى، ئارقا سەپكىمۇ خەۋەر بەرگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار سايدىكى بىر دۆڭگە ئورۇنلىشىۋالىدۇ. كەچ كىرگەندە ئارقىغا چېكىنىپ، ئاچال ئاغزىغا بېرىپ، كەلگەن يولدىكى تاغنى مۇداپىئە قىلىپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار پىلان بويىچە شۇيەرگە ئورۇنلىشىپ، ئىككى ئالاقچىنى بىز تەرەپكە ماڭغۇزىدۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن 3- باتالىيون، ئازادلىق ئارمىيىدىن بولۇپ بىر پولكقا يېقىن ئادەم چارلىغۇچىلىرىمىز تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، شىۋىرغان ئىچىدە قالدۇق. تېمپېراتۇرا ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئات - قېچىرلارمۇ چىدىيالمىدى. قوشۇنىمىز كۈندۈزى تاغ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، جەڭچىلەر چارچىغان ئىدى. رېن شىتەن بىر يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ئوتۇن بار ئورۇنغا يېتىپ باردى. چېدىر تىكىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئوت قالاشمۇ تەس ئىدى. بىز قايناق سۇ قايىنتىپ ئىچىپ، تاغ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ياتتۇق. جەڭچىلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ يېتىپ بىر - بىرىنى ئىسسىتاتتى. قار توختىماي يېغىپ جەڭچىلەرنى كۆمۈپ تۇراتتى. تاڭ يورىشى بىلەن قار - شىۋىرغان توختاپ ھاۋا ئېچىلدى. سىگنال چېلىنىشى بىلەن جەڭچىلەر خۇددى داكا رەختنى بۆسۈپ چىققان بىگىزدەك قارنىڭ تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، سەپكە تىزىلدى، بىر قانچە ئات - قېچىر توڭلاپ ئۆلۈپ قالغان، بىر قانچە جەڭچىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ قالغان ئىدى.

يولۋاس تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، بىز تەسكەي تەرىپىدە ئىدۇق. باتالىيون كوماندىرى ئىسمائىلوپ تاغ تۆپىسىدە دۇربۇن بىلەن قارىشىغا بىر ئوق كېلىپ دۇربۇننى يەرگە ئۇچۇرىۋەتتى. كوماندىرلار دەرھال قىسىملارغا

ۋەزىپە تاپشۇردى. 1 ـ لىيەنگە تاغ چوققىسىنى ئىگىلەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. دېمەك، دۈشمەنگە تاغ چوققىسىنى بەرمەسلىك كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ چوققا ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە چوققا ئىدى. بۇ چوققىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. دۈشمەن ئوق ياغدۇرۇپ، چوققىنى ئىگىلەش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇ چاغدا ئىدرىسنىڭ ئېتى ئوق تېگىپ يىقىلدى. دېمەك، ئالدىدا ماڭغان قوشۇن بەلگىلەنگەن جايغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننى توسۇپ تۇردى. قالغان قىسىملار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن باندىتلار قېچىشقا باشلىدى. 1 ـ لىيەنمۇ تاغدىن چۈشۈپ باشقا قىسىملار بىلەن بىرلىكتە قوغلاشقا كىرىشتى. بىز بىر ئاز قوغلىغاندىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە قوغلاشنى توختىتىپ، قېپقالغان غەنىيمەت ماللارنى تېرىشتۇرۇپ ئالدۇق. ئات يىقىلغاندا 2 كىلوگراملىق باكلاشكىغا ئوق تېگىپ تۆشۈكتىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ھاراقنى ئىدرىس ئىچىۋالغان ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇتىدا خەي بولغانلىقتىن سوغۇقتا پۇتلىرى ئۈششۈپ قالغانىدى. 3 ـ باتالىيون ئۇلارنى ئاتقا مىنگۈزۈپ، مېيىپلارنى كۆتۈرۈپ، تاغدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ماشىنا بىلەن باركۆل ناھىيىسىگە باردى.

## III

باركۆلگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەھبەرلەر ئەھۋال ئىگىلىدى. بىرقانچە كۈن جىددىي تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدىن «ئوسمان باركۆل تەرەپكە كەتتى» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئىدرىس يەنە ئوسمان كېلىدىغان يولنى چارلاشقا كەتتى. كېچىدە دۈشمەنلەر يېتىپ كەلدى. كېچە تۇمانلىق، ئادەمنى ئادەم كۆرگىلى بولمايتتى، لېكىن ئادەم ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز «ئوسمان نەنسەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى» دەپ دەرھال خەۋەر بەردۇق. ئەسكەرلەر تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئارقىسىدىن قوغلىدى. قوشۇن نەنسەن تېغىنىڭ ئاغزىغا كەلگىچە دۈشمەن تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. يولدا بىر قازاق ئايالنى ئۇچراتتۇق. ئۇ ئايال ئوسماننىڭ ئات سويۇپ، قىسمەن بېرىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار قازان ئېسىپ ئات گۆشىنى خاملا يەپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. قوشۇن ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ بىر كۈن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇشتا بىر ئات ئۆلدى، بىر ئادەم قۇربان بولدى، چۈنكى دۈشمەن تاغ تۆپىسىگە چىقىۋالغانىدى. قوشۇن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قايتىپ باركۆلگە كەلدى.

قوشۇن باركۆلدە بىر كۈن دەم ئېلىپ، جىددىي تەييارلىق كۆردى. بۇ چاغدا ئوسمان، جانىمقان، يولۋاسلار قوراي تېغىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىرلىشىپ، پۇقرالاردىن ئەسكەر تۇتۇپ چوڭ بىر باندىتلار قوشۇنىنى قۇرغان ئىدى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىر كېچىدىلا جىددىي يۈرۈش قىلىپ دۈشمەن بار جايغا يېتىپ بېرىپ قاتتىق ئۇرۇشتۇق. دۈشمەن قېچىپ كەتتى، پۇقرالار قۇتقۇزۇپ قېلىندى، جانىمقان شۇ مەيداندا تۇتۇلدى. پۇقرالار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن قوشۇن باركۆلگە غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى.

## IV

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى بار ئىدى. بىز باركۆلگە كېلىپ بىر قانچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ پۈتۈنلەي تاغقا قېچىپ كەتكەنلىكى، بۇ يەردىكى بىر لىيەن ئەسكەرنىڭ دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا

قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تاپشۇرۇۋالدۇق.

بىز پولك كوماندىرى رېن شىتەننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، تېزدىن قوزغىلىپ ھېلىقى لىيەنگە ياردەم بېرىشكە ماڭغۇزۇلدۇق. قوشۇن كاپىتان ئىسمائىلوپ، ئېلاخۇن باشچىلىقىدا يولغا چىقتى. بىز بىر سوتكا يول يۈردۇق، بىزنى يول ئۈستىدە بىر نەچچە ئورۇندا يولۋاسنىڭ كۆيئوغلى توسۇغان بولسىمۇ ئۇلارغا زەربە بېرىپ، تېزلىك بىلەن ئاراتۈرك ناھىيىسىدىكى قورشاۋدا قالغان لىيەننىڭ قېشىغا باردۇق. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇ لىيەنى ناھىيە ئەتراپىدىكى پوتەيلەرگە ئورۇنلاشقان ئىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن ئۇلار «باندىتلار كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ جىددىي ھالەتتە تۇردى. بىز تەرەپتىن ئىككى، ئۇ تەرەپتىن ئىككى ۋەكىل ئاق بايراق كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇچراشقاندىن كېيىن، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، خۇشال بولۇشتى. ئۇلار ناھىيىگە كىرگەندە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قوشۇنىمىز ئاتقا يەم - خەشەك ئىزدەپ كىرگەندە بىر ئۆيدىكى ئەۋرەزدە بىر كىچىك بالا يۇندىغا چىلىنىپ قولىنى پاتقاققا تىقىپ دۈم ياتقان ئىكەن. بۇنى كۆرگەن جەڭچىلەر بالىنى دەرھال پاتقاقتىن ئېلىپ روتا كوماندىرى ئىدرىسنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ ھامان دوختۇر ئەسمىتۇللانى چاقىرىپ تەكشۈرتكەندە بالىنىڭ يۈرىكى سوقۇۋاتقان ئىكەن. بالا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. بالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغاندىن كېيىن بالا ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. بۇ بالا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن جەڭچىلەر كونا كىيىملىرىنى سۆكۈپ بالىغا كىيىم تىكىپ كىيگۈزدى. ئۇنىڭ بېشىدا كەيمە تۇماق، ئۇچىسىدا كۆرەك جۇۋا بار ئىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا گەپ قىلىدىغان بولدى.

بىز بۇ لىيەن بىلەن بىرلىشىپ ئۈچ لىيەن بولۇپ، تاغقا قېچىپ كەتكەن خەلقنى تىنچلىق بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىشنى پىلانلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ھامۇتخان ۋالى، ئىسمائىلوپ، ئىدرىسلاردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى بايراق كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى (بەش ئادەم) بىلەن بىر تۈزلەڭلىكتە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندى. خەلق قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇقتۇردى. ئۇلار بىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىمىزگە قايىل بولغاندەك قىلدى. ئۇلار بىز تەرەپكە ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاب بېرىشنى ۋەدە بېرىپ قايتتى. بىز تەرەپمۇ ئۈچ كۈن كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى بالىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى، ئاتا - ئانىسى بولسا تاپشۇرۇپ ئېلىشى كېرەكلىكى ئېيتىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى ناھىيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى تاغقا چىقىپ كەتتى. ئۈچ كۈن كۈتكەندىن كېيىن ئۇلار ئەكسىچە يىراقتىن ئوق چىقىرىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ئۆتتى. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇنىمىز ئىلاجىسىز تاغقا چىقىپ ئۇلارغا قارشى ئوت ئاچتى. ئېتىشقاندىن كېيىن باندىتلار قېچىپ كەتتى. پۇقرالارغا تەشۋىقات - تەربىيە بېرىلىپ ناھىيىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇلار قايتىپ كەلمىگەن، قېچىپ يۈرگەن خەلققە خەۋەر بېرىپ، سىياسەت يەتكۈزگەندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپتە تېنەپ يۈرگەن خەلق قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارمۇ خاتىرجەم قىلىندى.

شۇ ۋاقىتتا تاشۋېلىقتا يولۋاس باندىتلىرى بارلىقى ھەققىدە يۇقىرىدىن خەۋەر كەلدى. ھېلىقى بالىنى خەلققە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغىنىمىزدا «بۇ بالىنىڭ ئىگىسى يوق، سىلەر ئالغاچ كېتىڭلار» دەپ ئۇنىمىدى.

ئاندىن يەنە 1 ـ ليەن بالىنى ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوشۇنىمىز دۈشمەننى قوغلاشقا يولغا چىقتى. بالىنى بىر تۆگىگە مىنگۈزۈپ، ئالاھىدە بىر جەڭچى ئەمەتجانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. باتالىيون بىلەي داۋانغا كەلگەندە بالا تۆگىنىڭ قورسىقىغا ساڭگىلاپ، سوغا پاتۇرۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ھايات قالدى. بۇ چاغدا قوشۇن بىلەي داۋانغا چىققاندىن كېيىن باندىتلارنى قورشىۋالدۇق. قوشۇنىمىز ئۇلار بىلەن ئىككى سائەت ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن باندىتلار قاچتى. ئەمما تۆگىگە بىر قانچە پاي ئوق تېگىپ ئۆلگەن بولسىمۇ، بەختكە يارىشا بالا يەنىلا ئامان قالدى. قوشۇنىمىز باندىتلارنى قوغلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ شىڭشىڭشاغا يېتىپ باردى. ئۇيەردە باندىتلارنى قورشاۋغا ئېلىپ گومىنداڭنىڭ قالدۇق بىر ليەنى بىلەن باندىتلارنى تەسلىم قىلىپ، قورال‌لىق باندىتلارنى ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ كەلدۇق. يولۋاس، ئوسمان باندىتلىرى تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى باندىتلار تازىلىنىپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

V

ھېلىقى بالا ليەندە جەڭچىلەر بىلەن بىللە ياشاشقا باشلىدى. ئۇنى ھەربىي پاسوندا چىرايلىق ياساپ قويغان ئىدۇق. ھەممە جەڭچىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئاسرايتتى. قولمۇقول ئەركىلىتىپ بىللە ئوينىتاتتى. بالىمۇ جەڭچىلەر قانداق ھەرىكەت قىلسا شۇنى قىلاتتى. چىرايىدىن خەنزۇ ياكى خۇيزۇ ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى، بالىنىڭ ئىسمىمۇ يوق ئىدى. بىز بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى مۇزاكىرىلەشتۇق. جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى، «ئىسلام» قويايلى دېسە، بەزىلىرى «پولك ئوغلى»، «باتالىيون ئوغلى» قويايلى دەيتتى. ئاخىرىدا بىر قانچە تۇرلۇك ئەھۋالغا قاراپ «ھايات» دېگەن ئىسىم قويۇلدى. ئاخىرىدا «ھايات» يولداش ئىدىرىسنىڭ بىردىنبىر ئېزىز، كۆيۈمچان پەرزەنتىگە ئايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ خەتنە تويى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ شىخۇغا قايتىپ كېلىپ، ئىدرىسنىڭ ئانىسى ئايىمخاننىڭ تەربىيىسىدە ئوقۇپ، 1964 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن ئىدى. چوڭ ئانىسى ئايىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىدرىس ئۆزىنىڭ قېشىغا ئەكىلىۋالدى. «ھايات» دادىسى ئىدرىس بىلەن 1 ـ چارۋىچىلىق مەيدانىدا بىللە تۇرۇش جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولدى. ھازىر 1 ـ چارۋىچىلىق مەيدانى پوچتا ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ھايات ئۆيلەندى، ئايالى ئايشەم ئىككى ئوغۇل تۇغدى.

1969 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئىدرىسمۇ قاتناشقان ئىدى. ئۇ ئاراتۈركتىن كەلگەن ۋەكىللەرنى تېپىپ ئۇلارغا ھايات توغرىسىدىكى ئىشلارنى دەپ بەردى؛ نەتىجىدە ھاياتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوق بولۇپ ئىككى ئاكىسى ۋە بىر قانچە تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى.

ۋەكىللەرگە ھاياتنىڭ رەسىمى بېرىلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاراتۈرك ناھىيىسىدىكى ئاكىلىرىدىن خەت كەلدى. ئاخىرىدا ھاياتمۇ خەت يازدى، ئاكىلىرىدىن خەت ۋە رەسىملەر كەلدى. بۇلارنىڭ چىرايى ناھايىتى ئوخشىشاتتى. ئاراتۈركتە بىر ئاخۇنۇم بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تۇغماس قىزى بولغان. ھاياتنىڭ دادىسى ھاياتنى ئاخۇنۇمنىڭ قىزىغا بېقىۋېلىشقا بەرگەن، ئاخۇنۇم باندىتلارغا ئەگىشىپ قاچقاندا، بالىنىڭ يانچۇقىغا بىر چاڭگال قوناقنى سېلىپ تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن. ھايات ھېلىمۇ 1 ـ چارۋىچىلىق مەيدانى پوچتىخانىسىدا بار.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# قەشقەردە تۇنجى قېتىم سىزىلغان خەرىتە

ئوسمان مۇھەممەدى قاراقۇتلۇق

1960 - يىللىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ چاسا رايونىغا قاراشلىق ئەلگەكچى كوچىسىدا ئەھمەد ئاخۇن ئاتىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانىدۇق (ھازىرقى 248 - نومۇرلۇق ئۆي). ئۆيىنىڭ ئاستى ئامبار بولۇپ، يار (ئارايار) لېۋىگە ناھايىتى پۇختا قىلىپ سېلىنغانىدى. مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسى جەنۇبقا (ئارايار يولى تەرەپكە) قارىغاچقا، ئۆي ئىچى ناھايىتى يورۇق ئىدى. ئۆيىنىڭ شىمال تېمىغا دۇنيا خەرىتىسى سىزىلغان بولۇپ، بىر بۇرجىكىگە يوغان قىلىپ «1918» دېگەن رەقەم يېزىلغانىدى. بۇ رەڭلىك خەرىتە بولۇپ، تەخمىنەن بىر كۋادرات مېتىرچە كېلەتتى. كېيىن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تام توسۇلۇپ، خەرىتە سىزىلغان ئورۇننىڭ ئاستىدىن تامنى تېشىپ كىچىك ئىشىك ئېچىلغانىدى. بىز بۇ ئۆيگە شۇ ئىشىكتىن كىرىپ - چىققاچقا، خەرىتىنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتۇق. ھازىرغىچە شۇ خەرىتىدىكى مسكو، پكىن، كاشغر ... دېگەن خەتلەر يادىمدا ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇ مەزگىللەردە مەن قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، سىڭلىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتۇق. دەم ئېلىش كۈنلىرى بىز خەرىتىدىن شەھەرناملىرىنى تېپىپ ئوينايتتۇق (بۇ بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئەقىل سىنايدىغان ئويۇن ئىدى). ھويلىدىكى تاملارغا ھەر خىل ئەقلىيە سۆزلىرىنى ھۆسنخەتچىلاپ يازاتتۇق. شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ تىببىي تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان قىزى نۇرگۈل بۇلارنى كۆرگەن ئىدى (نۇرگۈل خانىم چاسا دوختۇرخانىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشقا چىققتى).

1990 - يىللىرى مەن ئاتاقلىق تارىخچى مۇھەممەد ئىمىن قۇربانىنىڭ «قەشقەردىكى يادىكارلىقلاردىن تەرمىلەر» دېگەن كىتابىدىكى «قەشقەردىكى تۇنجى خەرىتە» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا نۇرگۈل خانىمنىڭ ئۆيىدە شەھەر ناملىرىنى تېپىپ ئويۇن ئوينايدىغان ھېلىقى تامدىكى خەرىتە ئېسىمگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن نۇرگۈل خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى تامغا سىزىلغان ھېلىقى خەرىتىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدىم. ئۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ: - ھەي، ئۇ خەرىتىنىڭ قىممەتلىك ئاسارەتىقە ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمىز، كېيىن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەر شۇ تامنىڭ خەرىتە بار ئورنىغا ئىشىك ئاچقاندا خەرىتە بۇزۇۋېتىلىپتۇ - دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ تەسۇرلىگۈسىز دەرىجىدە ئەپسۇسلاندىم. 1918 - يىلى سىزىلغان بۇ ئىمارەت ئۇيغۇر ئۇستاملىرىنىڭ بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى نامايەن قىلىپ ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋردە نامەلۇم سەنئەتكارلىرىمىز تەرىپىدىن سىزىپ قالدۇرۇلغان بۇ بىباھا مەدەنىي مىراس،

uyghurkitap.com

خەلقىمىزنىڭ نادانلىقى تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ يوقالغان.

ئەينى چاغدا تامغا سىزىلغان شۇ رەڭلىك خەرىتە بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خەرىتىسىدىن 900 يىل كېيىن سىزىلغان بولسىمۇ، ئەمما 1933 - يىلى تاتار ئالىم ئەھمەت فەرىد ئاباس تەرىپىدىن قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى تامغا سىزىلغان، داڭلىق سىرچى - نەققاش نامانخان ئۇستام رەڭ بەرگەن خەرىتىدىن 15 يىل بۇرۇن سىزىلغان، شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر، بىلىملىك ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

ئەلگەكچى كوچىسىدىكى بۇ ئۆينى مەرىپەتپەرۋەر، غايىلىك ياش سودىگەر ئابدۇرېھىم ماموت(1880 ـ 1918) سالدۇرغان، ئۇ ئەھمەت ئاخۇن ئاتىنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئابدۇرېھىم ماموت قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئالتۇن سودىگىرى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى نىسبەتەن مەلۇماتلىق، يېڭىلىقنى



قوللايدىغان، ئىلغار غايىلىك ياش بايلاردىن ئىدى. ئۇ «سەرراپ» دېگەن نام بىلەن خەلققە تونۇلغان. ئەينى چاغدا ماغارىپ، مەدرىسە - مەسچىت، يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرىغا ۋە خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلغان. ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بالدۇر كەلگەن ئەجەل سەۋەبىدىن ۋۇجۇتقا چىقماي قالغان.

ئابدۇرېھىم سەرراپ 1918 - يىلى ئەلگەكچى كوچىسىدىكى ئىمارەتنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، تۆشۈك دەرۋازىسىدىكى مەسچىتنى سالدۇرۇۋاتقان چاغدا بەختكە قارشى قازا قىلىدۇ. ئۇ ئاغرىپ قېلىپ شۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇۋاتقان شۋېت دوختۇرىغا كۆرسىتىلگەندە، دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىرەر نەرسىدىن زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزىبىر ئىچى يامان، قورسىقى تار، كۆرەلمەس ھەسەتخور بايلار ئۇنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، تامىقىغا زەھەر سېلىپ بەرگەنمىش.



بۇ خەرىتىلەرنى 1920 - يىللاردا قەشقەردىكى شۋېتلارنىڭ قولىدا ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سىزغان، ئەمما ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان خەرىتە ئەمەس.

تەھرىرلىگۈچى: پولات ھەمىت

# قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى يەر ناملىرى

## پائۇل پېللىئوت (فرانسىيە)

ياپونىيىلىك ئالىم خانىدا تورۇ «توخرىلار ۋە كۇشان» دېگەن ماقالىسىدە ( «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 40-جىلد، 1025- بەتتىن 1054-بەتكىچە) ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا تىلغا ئېلىنغان توخرىلارنىڭ پايتەختى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنى نەقىل ئالغان. كۇشان توغرىسىدا ف. ۋ. مۇللېر ۋە ستېن كونوۋلارنىڭ پەرەزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. تەپسىلىيرەك توختىلىدىغان بولساق، ۋاڭ شۇدەن شىنجاڭدىن مانى دىنىغا ئائىت ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ئېلىپ كەتكەن، بۇ ئىككى يازمىدا تۆت ئادەمنىڭ ئىسمى خاتىرىلەنگەن. بۇ تۆت ئادەمنىڭ بىرى « Qamilligh - قامىللىغ» ، بىرى «Kùsänlig - كۇسەنلىگ» ، قالغان ئىككىسى « Sulmiligh , Solmiligh - سۇلمىلىغ» . بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت ئوخشاش بىر ھۆججەتنىڭ پارچىسى بولسا كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «قامىل» نەق ھازىرقى قومۇلنىڭ ئۆزى. مۇللېرمۇ بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىنى ئېلان قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە «تۆرت كۇسەن» دۆلىتى، «ئۈچ سۇلمىدا» دېگەن سۆزلەر بار. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كېيىنكى ھۆججەت كەمتۈك بولغاچقا، مۇللېر «سولمى» ياكى «سولمۇ» نى «چالمادانا» بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. چالمادانا ھازىرقى چەرچەننىڭ ئۆزى( «توخار تىلى ۋە كۇشان» دېگەن ماقالىنىڭ 581-بېتىدىن 583-بەتكىچە بولغان جايلىرىغا قاراڭ) . دەرۋەقە خانىدا تورۇ يۇرت نامى بولغان بۇ سۇلمى ياكى سولمى بىلەن ئۈچ سۇلمىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 124-جىلدىدىكى «قارايىغاچ بۇيرۇق تەزكىرىسى» دىكى 唆里迷 سۇلمى دۆلىتىنى بۇنىڭغا ئىسپات قىلغان. خانىدا تورۇنىڭ يۇقىرىقى سۇلمىنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 唆里迷 نىڭ ئۆزى دەپ ھۆكۈم قىلىشى ناھايىتى توغرا. بىراق سۇلمىنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم بەشبالىقنىڭ شەرقىدە بولۇشى مۇمكىن. سۇلمى بىلەن قامىل نامى 13-ئەسىردە مەۋجۇت ئىدى، بۇنى ئەلۋەتتە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سۈرۈشكە بولىدۇ. خانىدا تورۇ ئوخشاش بىر قولىيازمىدىكى «كۇسەنلىگ» نى كۇچالىق دەپ ئېنىقلىغان، مېنىڭ كۆز قارىشىممۇ بۇنىڭغا ئوخشاش. چۈنكى تۈرك، موڭغۇل رايونلىرىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە كۇچالىقلارنى «كۇسەنلىك» دەپ ئاتاش ئادەت ئىدى. ( «ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 1920-يىللىق 1-سان، 181-بەتكە، «تۇڭباۋ» نىڭ 1923--يىللىق سانى127-بېتىگە قاراڭ؛ مەھمۇت



قەشقەرىنىڭ كىتابىدا «كۈسەن» بىلەن «كۈچا» ئاتالغۇسى تەڭ ئىشلىتىلگەن). بىراق ئۇيغۇرچە بېغىشلىمىدىكى ئۈچ سۆلمى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان تۆت كۈسەنلىكنى كۈچالىق دەپ قاراشقا ئاساس قالمايدۇ. 苦先 دېگىنى كۈچا تۇرسا يەنە نېمىشقا مۇللىر ئېلان قىلغان باشقا بېغىشلىمىلاردا بۇ خىل قاراشتا ئىزچىللىق يوق. شۇڭا خانېدا ئەپەندى بۇ خىل قارىشىدا ئىزچىل چىڭ تۇرغان. مەن خەنزۇچىدىكى 苦先 نى كۈچانىڭ ئۆزى دەپ بىلسەممۇ، لېكىن بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇڭا مۇللىر ئېلان قىلغان بېغىشلىمىلاردىن پەقەت بىر بېغىشلىمىدىلا بۇ سۆز كۈسەن تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، يەنە بىر بېغىشلىمىدا كۈسەن تىلىدىن بارچۇق تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېيىلگەن، كېيىن يەنە بىر ماقالىسىدا بۇ سۆز بىۋاستە ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، كۈسەن تىلى بىلەن توخرى تىلىنىڭ پەرقى بار. مېنىڭ كۈچا رايونىدا تارقالغان ئىلگىرىكى تىللاردىن يەنى توخار تىلى (B) دىن خەۋىرىم بار. بارچۇق تىلى، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا كەنجى تىل دەپ ئىسپاتلانغان ئۇيغۇر تىلى دېگەندەك قاراشلار مۇللىر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىشقىلىپ، بارچۇق چىڭگىزخان دەۋرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئىسمى بىلەن تاسادىپىي ئوخشىشىپ قالغان بولسا كېرەك. شۇڭا توخرى تىلىنى دەل قاراشەھەر، تۇرپان تەرەپلەردە ئىشلىتىلگەن توخار تىلى (A)، ھەتتا توخار تىلى (B) لارنىڭ نەق ئۆزى دېگەن كۆز قاراشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك، بۇ تىل «كۈسەن تىلى» دەپ ئاتىلىشى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا لېۋى ئەپەندى بېكىتكىنىدەك «كۈچا تىلى» دەپ ئاتىلىشى كېرەك.

مەسئۇدىنىڭ كىتابىدىكى «كۈشەن» (كۈسەن دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك) تەلەپپۇز جەھەتتە خەنزۇچىدىكى 苦先 گە يېقىن كېلىدۇ. 高昌 غا يېقىن كەلمەيدۇ، 高昌 غا توغرا كېلىدىغىنى قوچو بولۇشى كېرەك. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ كىتابىدىمۇ مۇشۇنداق يېزىلغان. مەسئۇدىنىڭ كىتابىدا كۈچا نامىنىڭ خاتىرىلىنىشى توققۇز ئوغۇزلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. خانېدا تورۇ ئەپەندىنىڭ مەن بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بار دېيىلسە، ئۇ سەۋەب ئۇنىڭمۇ ئۇيغۇرچە يازمىلاردىكى كۈسەن نامىنى كۆرگەنلىكىدىن ئىبارەت. كۈشان مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ قاراشنى ئىسپاتلىغىدەك ھېچقانداق بىۋاستە ماتېرىيال يوق. كۈشان دەپ قارىغۇچىلار ئالدى بىلەن مەزكۇر كۈچا نامىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولغان كۈسەن بىلەن كۈشاننىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك.

## ساك تىلىدىكى بىر قىسىم غەربىي يۇرت يەر ناملىرى

ستائېل خولستەيىن ساقلىغان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئىككى پارچە ھۆججەت ف. ۋ. توماس ۋە ستېن كونوۋلار تەرىپىدىن 1929-يىلى نورۋېگىيىنىڭ پايتەختىدىكى

ھىندىشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىندى (121-بەتتىن 160-بەتكىچە). بۇلتۇر مەن «تۇڭباۋ» نىڭ 230-بېتىدە بۇ ماقالىنى تىلغا ئالغىنىمدا Icu (ئىچۇ) نىڭ خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى يىجۇ (ھازىرقى قۇمۇل) نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى، phucamni (پۇچامنى) نىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى تاڭ دەۋرىدىكى 蒲昌 (ھازىرقى پىچان) نىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدىم. گ. ل. م. كلاۋسون بۇ يىل ئەنگلىيە ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى (297-بەتتىن 309-بەتكىچە) غا يازغان ماقالىسىدا يۇقىرىقى ئىككى ھۆججەتتىكى يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن. بۇلتۇر مەن بۇ ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى پارىژدىكى ئاسىيا جەمئىيىتىگە دوكلات قىلغىنىمدا مەنمۇ ھۆججەتتىكى Yirrumcimni نى تاڭ دەۋرىدىكى 轮台 يەنى ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزى شۇ دېگەنىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەن بۇ دوكلاتىمدا ھەمدە ئېلان قىلىنمىغان يەنە بىر تەپسىلىي تەتقىقات ماقالەمدە كلاۋسون تىلغا ئالغان ئىران تىلىدىكى پەنجىكەنتنىڭ بەشبالىقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدىم. بۇ شەھەر تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار ئەتراپىدا. كلاۋسون خاتالىشىپ بەشبالىق بىلەن قاراقوچونى بىر دەپ قارىغان (306-بەت). يەنە بىرى، مەن Bihiraki بىلەن Sapari (306-بەت) نى تاڭ دەۋرىدىكى 冯落 بىلەن 沙笨 لارنىڭ ئۆزى دەپ قارايمەن. بۇ ئىككى شەھەر بەشبالىق بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا. قالغان ناملار، مەسىلەن: گۇاجۇ، گەنجۇ، لياڭجۇ ۋە تۇرپان (ساكچە Tturpamni) ناملىرىدىن بىر قىسمى ھۆججەتنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغۇچى تەرىپىدىن دەلىللەنگەندىن سىرت، قالغانلىرى دەلىللەش ناھايىتى قىيىن ناملار بولۇپ تۇرماقتا. كلاۋسوننىڭ يەكۈنىنى تەتقىقاتتا كۆرسەتمىلىك رولى بار ھەمدە مۇھاكىمە قىلىشقا ئاساس بولالايدۇ دەپ قارايمەن. ئەمما ئۇنىڭ تەتقىقاتىدا نۇرغۇن گۇمانلىق نۇقتىلار بار. بولۇپمۇ، kau yaki بىلەن ttiyaki دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئالدىنقى يېرىمى خەنزۇچىدىكى 高، 低 دېگەن ئىككى خەتنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. كېيىنكى يېرىمى yaki بولغان بولسا قاراشەھەرنىڭ ئىسمىدۇر (306-بەت، ئۇنداقتا نېمىشقا phalayaki نىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پارچىلاپ ئىزاھلاشقا بولمايدىكەن). تەتقىقاتچى (306-بەت) kautunai نى ساكچە سۆز بولۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 高昌 نىڭ نەق ئۆزى دەپ قارايدۇ. مۇنداق چۈشەندۈرۈشنى مەنمۇ توغرا دەپ قارىمايمەن. قوچو راستىنلا يەرلىك ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىمۇ، بۇمۇ ناتايىن (گەرچە شۇنداق ئېھتىماللىق بولسىمۇ). بۇ يەردىكى قوچو نامى قەدىمكى سوغدى تىلىدا بەلكىم كۇچان دەپ يېزىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەقتە ھ. رېيچېلتنىڭ (Die soghd Handschr, d. Brit. Mus. I I . 5) ئەسىرىگە قاراڭ.

## قوچو ۋە قاراقوچو ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات

مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ئالدى قوش

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۆلىتى جايلاشقان جاي ئىدى. ئارقا قوش دۆلىتىنىڭ پايتەختى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا بولۇپ، هازىرقى گۈچۈڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئالدى قوش دۆلىتىنىڭ مەركىزى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، ئورنى هازىرقى يارغول قەدىمكى شەھرى ئىدى. ئالدى قوش دۆلىتىدە يەنە قوچو قەلئەسى بار ئىدى، بۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى قارا قوچو بولۇشى كېرەك. مىلادىيە 46-يىلى گوۋن بوجۇ قوچو بېگى دەپ ئاتالغان («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»). مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ بەگلىكنىڭ پايتەختىنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو قەلئەسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يېقىندا گرۈنۋېدېل قاراقوچو شەھىرىنىڭ يېنىدىكى ئىدىقۇت شەھىرىدىن 5- ئەسىرگە تەئەللۇق مەڭگۈ تاشنى بايقىدى. فرانكې بۇ مەڭگۈتاشنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئالدىنقى پەرىزىمىزنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن قوچو شەھىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولمىغان. 640-يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىشغال قىلغان جاي قوچو شەھىرى يەنى قاراقوچو ئىدى. 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇ جاي تاڭ سۇلالىسىغا قارىمايدىغان بولغان. ئۇيغۇرلار بۇ جايدا باشقا بىر قوچو خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭ پايتەختى يەنىلا قاراقوچو بولغان. 981-يىلى ۋاڭ يەندې ئەلچىلىككە كەلگەندىمۇ دەل مۇشۇ قاراقوچو شەھىرىگە كەلگەنىدى. شۇ چاغدىكى سۇڭ سۇلالىسى بۇ دۆلەتنىڭ نامىنى قوچو دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، شىمالدىكى قىتان خانلىقى 913-يىلىدىن باشلاپلا قاراقوچو ئۇيغۇرلىرىنى قوچو ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتاشقا باشلىغان («قىتان تارىخى» نىڭ 1-جىلد، 36-بېتىگە قاراڭ). «جىن سۇلالىسى تارىخى» دا 1130-يىللاردا بۇ يەر قوچو دەپ ئاتالغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا يات ئەللەرنىڭ ئىسمىلىرى بىردەك يېزىلمىغان. يەنى قوچو سۆزى خەنزۇچە 哈剌火州 ، 哈喇霍州 دېگەندەك ھەر خىل يېزىلغان. بىراق كۆپرەك قوچو دەپ يېزىش ئادەتكە ئايلانغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئىدىقۇت دېيىلىدۇ. موڭغۇللار دەۋرىدىكى پارس تارىخچىلىرى قاراقوچو دېگەن يۇرتنىڭ بارلىقىنى بىلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ سىياسىي مەركەز تۇرپانغا يۆتكەلگەن. مىڭ سۇلالىسى تارىخىدا «قوچو يەنە قارا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۇرپاننىڭ 30 چاقىرىم شەرقىدە. ئۇنىڭ شەرقىدە بىر تاشلاندۇق شەھەر بار، بۇ قەدىمكى قوچو دۆلىتىنىڭ پايتەختىدۇر» دېيىلگەن. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوچونىڭ پايتەختى يەنە يېقىن ئەتراپتىكى جايغا يەنى قاراقوچوغا يۆتكەلگەن. تاشلاندۇق شەھەر يەنىلا ئىدىقۇت دەپ ئاتىلىۋەرگەن. 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەلچى چاھراخ تۇرپاندىن ئۆتكەندە يېڭى پايتەخت قاراقوچو سېلىنغان. ھازىرقى قاراقوچو ئۆتمۈشتىكى كونا پايتەخت ئىدىقۇت ئەمەس.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 高昌, 火州 لار يەرلىك تىلدىكى قاراقوچو يەنى قاراغوجىنىڭ ئۆزىدۇر. مېنىڭ يۇقىرىقىلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى ۋە تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار

بايقالغاندىن كېيىن بۇ ھەقتىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى كۆپەيدى، شۇڭا بۇ ھەقتە قايتا ئىزدىنىش زۆرۈرىيىتى بار.

بەزىلەر قوچونى تۈركچە نام بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىن «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا ئۇچرايدۇ، بۇ مەڭگۈ تاشتا يۇقىرىقى ئاتالغۇ (كۆلتېكىن قوسۇ تۇتۇق بىلەن ئۇرۇشتى) بار دەپ قارايدۇ. پاركېر ئەپەندى تومسون ئەپەندىگە مۇنداق دېگەن: قوسۇ ياكى قۇسۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى 和州 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. بارتولد ئەپەندى دەسلەپتە بۇ كۆزقاراشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن تارىخىي پاكىتلار بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بۇ قاراشتىن يېنىۋالغان. ئۇ قوچو نامىنىڭ كۆرۈلۈشى 10-ئەسىرنىڭ نېرىسىغا بارمايدۇ، ئۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرىكى كۆلتېكىن دەۋرىدە قوچو نامىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دېگەن.

مۇللېر ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇتۇق دېگەن تاڭ دەۋرىدىكى 都督 دېگەن ئەمەلنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. تاڭ دەۋرىدە تۇتۇق دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغانىكەن ئۇ ھالدا قوچو نامىنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. «تاڭنامە» نىڭ «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە 孤舒 تۇتۇق مەھكىمىسى دېگەن بىر جاي بار. فونېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇن كەلسىمۇ لېكىن جۇغراپىيىۋى نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ مەھكىمىنىڭ ئورنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا. شۇڭا كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىدىكى نام قوچو ئەمەس بەلكى 孤舒 بولۇشى كېرەك. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «قۇسۇ» نىڭ 火州، 高昌، 哈喇和卓 ناملىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. شىنجاڭدىن تۈركچە يازمىلار تېپىلغاندىن كېيىن مۇنداق بولۇشىنى كىم بىلسۇن. 1908-يىلى تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغدىن قەدىمكى تۈركچە كەمتۈك يازما تېپىلدى. بۇ يازمىدىكى قوچو نامىنى مۇللېر ئەپەندى بىز دەپ كېلىۋاتقان قوچونىڭ ئۆزى دەپ يەشتى. 1911-يىلى يەنە بىر پارچە قولىيازمىدا قوچو دېگەن يەر نامى ئۇچرىدى. لېكوك ئەپەندى تۇرپاندىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت نومنى ئېلان قىلدى. تومسون ئەپەندىمۇ ئۆزى تەرجىمە قىلغان قەدىمكى تۈركچە قولىيازمىنى ئېلان قىلدى. بۇ قولىيازمىنىڭ ئىككى يېرىدە خوچو، قوچو دېگەن يەر ناملىرى ئۇچرايدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىككى يەر نامىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى تۈركچىدىن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان 高昌 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. شۇنىڭغا قارىغاندا قوچو نامى خەنزۇچىدىكى 和州 دىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى خەنزۇچىدىكى 和州، 火州 لار قوچونىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا بۇزۇلغان شەكلىدۇر.

مەزكۇر تۈركچە يازمىدىكى قوچو نامى تاڭ دەۋرىدىكى قوچو شەھىرىنىڭ نامىدۇر. مەن قوچونى ساپ تۈركچە نام دەپ ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. ئالدىنقى تەتقىقاتىمدا تېخى ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بۇ سۆزنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە پەرەزگە تايانماي مۇمكىن ئەمەس. خەنزۇچىدىكى 和州 قوچودىن كەلگەن. قاراقوچونىڭ كەينىدىكى غوجا كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئاھاڭ

ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى، بۇنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. تاڭ دەۋرىدىكى گاۋچاڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى قوچو ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بار. بىرسىنىڭ بىرسىدىن كېلىپ چىققانلىقى چوقۇم. ئۇنداقتا، بۇ ئىككى نامنىڭ قايسىسى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا چىققان؟ قوچو نامىنىڭ تۈرك تىلىدا مەنىسى يوق، ئەمما خەنزۇچە گاۋچاڭ نامىنىڭ خەنزۇ تىلىدا مەنىسى بار. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا «ئېگىز (高) گە جايلاشقانلىقى، ئادەملىرى باياشات (昌盛) بولغانلىقى ئۈچۈن 高昌 دېيىلگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە قوچو قەلئەسى (高昌垒) بار ئىدى، شۇڭا دۆلەت نامىمۇ شۇنىڭدىن كەلگەن دېيىلگەن. خەنزۇچە يەر ناملىرى خەتنىڭ مەنىسىگە بەك بېقىنىپ كەتمەيدۇ. بىراق، ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، خەنزۇچە قوچو نامىغا بېرىلگەن تەبىر 5-ئەسىردىلا خاتىرىلەنگەن، بىراق تۈركىي تىلدىكى قوچونىڭ مەنىسى يوق دەپ ئېشىنى بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مىزگىللىرىدىلا خەنزۇچە گاۋچاڭ نامى بار ئىدى، بىراق ئەينى دەۋردىكى تۇرپان رايونىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر يوق ئىدى. لېكىن Qoco نامى 高昌 دىن كەلگەن ئەمەس. ئۇ خەنزۇچە ۋە تۈركچىدىن باشقا ئۈچىنچى بىر خىل تىلدىن كەلگەن بولسا كېرەك. مەن قوچونى يەرلىك قوش ئاھالىسى ياشىغان شەھەرنىڭ نامى دېمەكچىمۇ ئەمەس، ھەتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى خەن سۇلالىسى چېرىكلىرى تۇرغان شەھەرنىڭ نامىمۇ ئەمەس.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇچە نامدىن بىرىنى تاللاپ تەتقىق قىلىش كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئىش ئىدى. قىسقىسى، خەنزۇچىدىكى 高昌 نىڭ قوچودىن ياكى قوچوغا يېقىنراق بىرەر نامدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغىدەك بىرەر پاكىت بولمىسىمۇ، لېكىن تاڭ دەۋرىدىكى 高昌 قوچونىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن.

مەن تاڭ دەۋرىگە ئائىت خەنزۇ تىلىدىن باشقا تىللاردىكى ھۆججەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئويلىمىغان بىر نەتىجىگە ئېرىشىپ قالدىم. ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا تىل ئارقا دىماق تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا باش ھەرپ تەلەپپۇزدا ئېنىق چىقمايدۇ. قولىيازمىدا ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يېزىلمايدۇ. ھازىرقى فۇجيەن شىۋىسىدە ھەمدە ياپون تىلىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: 兵 خېتى خبي ياكى خيو دەپ ئوقۇلىدۇ. 脏 خېتى زو دەپ ئوقۇلۇپ كەينىدىكى دىماق تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ. بىراق شىمالىي جۇڭگودا مۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قولىيازمىلار ئىچىدە I تاۋۇشىدىن كېيىنكى N تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: س، د ھەرپلىرى piy دەپ ئوقۇلىدۇ. تۈركچىدە Getsi دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تىبەتچە قولىيازمىلاردىكى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەردىمۇ ئوخشاشلا I تاۋۇشىدىن باشقا تاۋۇشلار دىماقتا ئوقۇلۇپ بەزىدە تەرجىمىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: 唐 خېتى كېي دەپ، 升 خېتى sing دەپ ئوقۇلغىنىدەك. خەنزۇچە 龙 خېتى تۈركچىدە luiياكى lu دەپ، تىبەتچىدە بولسا klu (بۇ يەردىكى k تاۋۇشى ئوقۇلمايدۇ)

www.uyghurkitap.com

دېيىلىدۇ. A تاۋۇشى تىل ئارقا تاۋۇشى بولۇپ، 仓 خېتى tsang دەپ ئوقۇلىدۇ، 三脏 دېگەن ئىككى خەت samtso دەپ ئوقۇلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا qoco نامى خەنزۇچە گاۋچاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. بۇنىڭدىكى تىل ئارقا دىماق تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. a تاۋۇشى o غا نۆۋەتلەشكەن. بۇ ياپونىيىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاش ئىش. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى گاۋچاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان قوچونى چۈشەندۈرۈش تەس. ئەمما تاڭ دەۋرىدىكى گاۋچاڭنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان قوچونىڭ تەلەپپۇزى بۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل نام ئوخشاش بىر شەھەرنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، بىرى خەنزۇچە، يەنە بىرى تۈركچە ئاتىلىشىدىن ئىبارەت خالاس. مەن بۇ خىل قاراشنى ئىنكار قىلىۋېتەلەيدىغان كىشىنى تېخى ئۇچراتمىدىم.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاتنىشى ئۈزۈلۈپ قالغان. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، قاتناش ئەسلىگە كەلگەن. قوچوغا يېڭىدىن بارغانلار ئۇ يەرنى داۋاملىق گاۋچاڭ دەپ ئاتىمايدىغان بولغان، ئەمما تۈركچە ئاتىلىشى ئەسلىدىكى پېتى قېلىۋەرگەن. خەنزۇلار تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا تۈركچىدىن ئېلىپ قايتا 和 州 ، 火 州 دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلغان. خەنزۇ تىلىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇنناملار قەدىمكى ئوقۇلۇشى بويىچە ئېلىنىدۇ. خەنزۇچىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ئاتالغۇدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بۇنىڭغا مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قولىيازمىلاردا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن پاكىتلار بار. لېكوك تەتقىق قىلغان قەدىمكى تۈركچە بىر كەمتۈك يازمىدا سۈكچۈ دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. تومسون ئەپەندىمۇ قەدىمكى تۈركچە يازمىلار ئارىسىدىن سۈكچۈ دېگەن شەھەر نامىنى بايقىغان. بۇ ئىككەيلەن بۇنى سۈجۇ دەپ ئېنىقلىغان. 肃 خېتىنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى سۈك بولۇپ، بۇ جاي ئەينى دەۋردە شەرق-غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. شۇڭا بۇ جاي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. كېيىن خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزىدا ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر، پارسلار بۇ جاينى يەنىلا تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى بويىچە سۈكچۈ دەپ ئاتىتۋەرگەن. 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇللار دەۋرىدە باسپا ئىجاد قىلغان يېڭى موڭغۇل يېزىقىدا موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچەناملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ئىشلىتىلىدىغان تىللاردا ن، م، ڭ دەپ ئۈچ خىل دىماق تاۋۇشى مەۋجۇت بولغان. ماركوپولو سۈجۇنى Succiu دەپ خاتىرىلىگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چىڭ سۇلالىسى يەنە شىنجاڭغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن سۈجۇنىڭ قەدىمكى نامى يەنە كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار خەنزۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى بويىچە سۈجۇنى Scutcheou دەپ

ئاتىدى.

بۇ نۇقتىنى ئېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىسپاتلاشقا قوچو بىلەن سوكچۇدىن باشقا مىسال يوق. موڭغۇللار دەۋرىدە پارسلار 西安 نى Kendjanfu دەپ ئاتىغان، بۇ 京兆府 نىڭ پارسچە بۇزۇلغان شەكلىدۇر. بىراق جۇڭگولۇقلار بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا بۇنى پارسچىدىن ئايلاندۇرۇپ كېلىپ 金张府 دەپ ئالغان. 18- ئەسىردە تۇرپان رايونىدا مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خاتا تەرجىمە قىلىش ئەھۋاللىرى بولغان. تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا بىر شەھەر خارابىسى بولۇپ، بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالدى قوس بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئىدى. بۇ جاي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تاكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە 交河 (يارغول) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بىراق 18-ئەسىرگە كەلگەندە جۇڭگو جۇغراپىيىشۇناسلىرى بۇ يەرنى 招哈和屯 («غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 14-جىلدىغا قاراڭ) دەپ ئالغان. بۇ يەردىكى 招哈، قورغان دېگەن مەنىدە، (Khoto) 和屯 خەن دەۋرىدىكى 交河 نىڭ موڭغۇلچە ئاتىلىشى. بۇ خۇددى قوچونىڭ ئايلىنىپ كېلىپ يەنە 和 州 ، 火 州 دەپ قايتا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغىنىغا ئوخشاش ئىش.

ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا Thendue دېگەن بىر يۇرتنىڭ بارلىقى يېزىلغان. بەزىلەر بۇنى 天德 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، تيەندې تاڭ دەۋرىدىكى خېشىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ نامى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان. يەنە بەزىلەر ماركوپولو دەۋرىدە تاڭ دەۋرىدىكى تيەندې قوشۇنى مەۋجۇت بولمىسا قانداقسىگە بۇ نام ئىشلىتىلىدۇ؟ دېگەن سوئالنى قويىدۇ. مېنىڭچە بۇنى دەتالاش قىلغاننىڭ ئەھمىيىتى يوق. 德 خېتى تاڭ دەۋرىدە تاك ياكى تىك دەپ ئوقۇلاتتى. بۇ خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىش تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. قوچو بىلەن سوكچۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تيەندې قوشۇنىنىڭ تۈركلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بار ئىدى. «سوڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 490-جىلدىدا «ئۇيغۇرلار ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى بولۇپ، تيەندېنىڭ غەربىي شىمالى، سېلېنگا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىدى» دېيىلگەن. شۇڭا تيەندې قوشۇنىنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن ئالاقىسى بار. بۇ خۇددى سۇجۇنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش ئىش. مۇشۇ تيەندېنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئوقۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تارقىلىپ بارغان. ماركوپولونىڭ ئەسىرىدىكى Thendue نى تيەندېنىڭ ئۆزى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمىسىمۇ لېكىن مۇشۇنداق بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ كۆپ.

ئالدىنقى كۆزقاراشلىرىمدا پەرەزلەر كۆپرەك بولسىمۇ، كەلگۈسىدە داۋاملىق تەتقىق قىلىنسا، قەدىمكى خەنزۇچە نامىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆپلەپ تارقالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگىنىمدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ ناملار جۇڭگودىكى خەنزۇ تىلى تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىش تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

خەنزۇچە «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسىگە ئائىت تەتقىقاتلار» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

تەرجىمە تەھرىرى: دىلمۇرات مۇسا

www.uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە دائىر ئاتالغۇلار ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

## ئەركىن ئىدرىس


(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىدىن)


مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ كۆزى ھېسابلانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» بۈيۈك قامۇس بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە، ئەجدادلار ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلام، كاتېگورىيىلىرىگە تەۋە نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئۇچۇرلار ئۆز نۆۋىتىدە بەئەينى تارىخنامە- سالنامىلەرگە ئوخشاش، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ دەل ھەم ئەتراپلىق رەۋىشتە، ئەينى دەۋردىكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتنى ئەسلى قىياپىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇلارنى ئەتراپلىق بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇلارغا دائىر ئۇچۇرلارنى ئايرىم ساھەلەر بويىچە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ھەمدە بۇلارنى شۇ دەۋرنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دەپ ئېلىندى) دىكى كىيىم- كېچەككە دائىر ئۇچۇرلار ئۈستىدە مەخسۇس ئىزدىنىپ بېقىشنى لايىق تاپتۇق.

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى شۇنداقلا مىللىي خاسلىقنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى بولغان كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتى — ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. «دىۋان» نى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققانلىكىمىزدە «تون» سۆزى چوقۇم چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1- توم 188- بېتىدە «تون، كىيىم» دەپ ئىزاھلانغان (خەنزۇچە نەشرىنىڭ 1- توم 133- بېتىدە « 衣服 » دەپ ئېلىنغان) بۇ سۆز مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن باشقا سۆزلەر ياكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق قائىدىلەر ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردا كەم دېگەندە 142 ئورۇندا ئۇچرايدۇ. «دىۋان» دا كۆپ



ئۇچرايدىغان سۆزلەرنىڭ يەنە بىرى «تاۋار» (تاۋار، مال) بولۇپ، ئۇ 80 ئورۇندا ئۇچرايدۇ. «تاۋار» سۆزىنىڭ كۆپ قەلەمگە ئېلىنىشى سودا ئىشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا زور سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىدىن، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە سودا- سېتىق ئىشلىرىنىڭ ناھايىتى راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بەرگىنىگە ئوخشاش، «تون» سۆزىنىڭ شۇنچە كۆپ قەلەمگە ئېلىنىشمۇ كىيىم- كېچەككە زور ئېتىبار بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، كىيىم- كېچەككە بېرىلگەن بۇنداق ئېتىبار مۇئەييەن ئىقتىسادىي قۇدرەت ۋە مەنىۋى بايلىقنى ئۇل قىلغان بولىدۇ.

«دىۋان» دا كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىگە دائىر ئۇچۇر ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭدا باش كىيىم، ئۈست كىيىم، ئاست كىيىم، ئىچ كىيىملەردىن سىرت، زىننەت- بېزەك، گىرىم- پەداز بۇيۇملىرى، رەخت- گەزلىمە، موي- تېرە، توقۇمىچىلىق ۋە تىككۈچىلىككە ئائىت ھۈنەر- سەنئەت، ئەسۋاب- جابدۇق، گەز- ئۆلچەم شۇنداقلا كىيىنىش- ياسىنىش ئادىتى، پائالىيەتلىرى جەھەتتىكى ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. تۆۋەندە يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا دائىر ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## 1. كىيىم - كېچەكلەر

### 1) باش كىيىملەر

قاتۇرما بۆرك (قايرىما بۆك «دىۋان» 1- توم 638- بەت)؛ سۇقارلاچ بۆرك (ئوزۇن قالپاق 1- توم 642- بەت)؛ قىيماق بۆرك (ئاق تىۋىتتىن ئىشلەنگەن بۆك 3- توم 241- بەت)؛ قىزىلغىغ بۆرك (جىيەكلىك بۆك 1- توم 644- بەت)؛ كەدۆك (يۇڭدىن توقۇلۇپ، دۇبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىلىدىغان بىر خىل باش كىيىم. 1- توم 508- بەت)؛ ياغالدۇرۇق (يامغۇرلۇق بۆك 3- توم 530- بەت)؛ سۇۋلۇق (سەللە 1- توم 270- بەت)؛ دىدىم (نىكاھ كېچىسى كېلىنگە كىيدۈرۈلىدىغان ئوتۇغات، تاج 1- توم 516- بەت)؛ دەدەك (كېلىننىڭ يات كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بېشىغا ئارتقان پۈركەنجىسى 1- توم 531- بەت)؛ بۈرۈنچۈك (پۈركەنجە 1- توم 663- بەت)؛ ساراغۇچ (سارىغۇچ 1- توم 634- بەت).

### 2) ئۈست كىيىملەر

قافتان (تون 1- توم 567- بەت)؛ بارتۇ (كەمزۇل 1- توم 543- بەت)؛ قارس (يۇڭ چەكمەن چاپان 1- توم 453- بەت)؛ چەكرەك (يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن يانچۇقسىز تون، ئۇنى قۇللار كىيىدۇ 1- توم 623- بەت)؛ كۆرك (كۆرك، جۇۋا 1- توم، 458- بەت)؛ ئىچۈك (ئىچمەك ~ ئۇچۇك 1- توم 93- بەت)؛ ئىچمەك (تېرە جىلىتكە 1- توم 412- بەت)؛ ئارتىغ (ئايالچە جىلىتكە 1- توم 133- بەت)؛ كۆپمەك (پاختىلىق تون 1- توم 531- بەت)؛ چەكشۇ (قىسقا پاختىلىق چاپان 3- توم 516- بەت)؛ ياقۇ (يامغۇرلۇق 3- توم 30- بەت)؛ كەزۈك (يامغۇرلۇق 1- توم 507- بەت)؛ ياپتاچ (كېپىنەك تون 3- تون 50- بەت)؛ يالما (يېپىنچا، يامغۇرلۇق 3- توم 44- بەت)؛ ئەشۈك (يېپىنچا 1- توم 98- بەت).

### 3) ئاست كىيىملەر

ئوتران (ئىشتان 1- توم 147- بەت)؛ ئۆم (ئىشتان، تامبال 1- توم 54- بەت)؛ ئىشتون (ئەسلى «ئىچتون»، ئىشتان 1- توم

413- بەت).

### 4) ئاياغ كىيىملەر

سامدا (پۇتقا كىيىلىدىغان سەندەل 1- توم 543- بەت)؛ ئىزلىك (چورۇق 1- توم 141- بەت)؛ باشماق (كەش، پوپۇچ 1- توم 609- بەت)؛ يىشىم (ساپما 3- توم 23- بەت)؛ ئەتۈك (ئۆتۈك 1- توم 93- بەت)؛ بۈكۈم ئەتۈك (ئايالچە ئۆتۈك 1- توم 517- بەت)؛ چارۇق (چورۇق 1- توم 647- بەت)؛ ئوغۇق (ئۆتۈك ياكى مەيسىنىڭ ئۇستىدىن كىيىلىدىغان تېرە پايپاق 1- توم 91- بەت).

### 5) ئىچ كىيىملەر

باغىرداق (لىپتىك 1- توم 653- بەت)؛ كۆڭلەك (كۆڭلەك ~ كۆينەك 3- توم 523- بەت).

### 6) كىيىم - كېچەك بۆلەكلىرى

ئۆر (تون ياكى كەمزۇلنىڭ قولتۇقى 1- توم 63- بەت)؛ ياقا (ياقا 3- توم 30- بەت)؛ تۈگمە (تۈگمە 1- توم 563- بەت)؛ كۆنچۈك (ياقا 1- توم 626- بەت)؛ يانچۇق (يانچۇق؛ ھەميان 3- توم 60- بەت)؛ ساقالدۇرۇق (ئىڭەكباغ 1- توم 686- بەت)؛ قوي (توننىڭ قوينى 3- توم 193- بەت)؛ ئەڭەك (خوتۇنلار پۈركەنجىسىنىڭ بوقۇچى 1- توم 182- بەت)؛ بوغماق (كۆينەك بوقۇچى 1- توم 609- بەت)؛ سىدرىم (تاسما، كەمەر 1- توم 631- بەت)؛ ساچۇ (تون، ياغلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ چۇچىسى 3- توم 302- بەت)؛ بۇرمە (پۇرمە، لېپەز 2- توم 125- بەت)؛ قۇر (قۇر، بەلباغ 1- توم 425- بەت) ئىچ قۇر (ئىشتانباغ 1- توم 425- بەت)؛ ئىلەرسۈك (ئىشتانباغ 1- توم 206- بەت)؛ تىزمە (ئىشتانباغ 1- توم 563- بەت)؛ چىرغۇي (توننىڭ ئىككى بېقىنىدىكى ئىزمىلار ئۆتكۈزۈپ قويۇلىدىغان توپچا. 3- توم 332- بەت)؛ يەڭ (كىيىمنىڭ يېڭى 3- توم 494- بەت)؛ قۇدۇرغاق (چاپاننىڭ ئارقا پەشلىرىدىن بىرى 1- توم 654- بەت)؛ سىزىغ (كىيىمنىڭ پېشى 1- توم 484- بەت)؛ سىزىك (چاپاننىڭ بىر پېشى 1- توم 505- بەت)؛ قىرغاق (كىيىمنىڭ قىرغىقى 2- توم 421- بەت).

## 2. زىننەت - بېزەكلەر

مونچۇق (مونچاق زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار. 1- توم 621- بەت)؛ بوز مونچۇق (بوز مونچاق ئىپار بىلەن سۈكتىن ياسىلىدۇ، خوتۇنلار تاقايدۇ. 3- توم 167- بەت)؛ يىنچۇ (ئۈنچە، مەرۋايىت 2- توم 218- بەت)؛ باقان (سۆكە، ھالقا 2- توم 420- بەت)؛ بوغماق (ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسىلىپ، قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلىدۇ. نىكاھ كېچىسى كېلىنگە تاقاپ قويۇلىدۇ. 1- توم 610- بەت)؛ بىلەزۈك (بىلەيزۈك 1- توم 672- بەت)؛ يۈزۈك (ئۈزۈك 3- توم 22- بەت)؛ كۈپە (ئاياللار قۇلىقىغا سالىدىغان ھالقىنىڭ بىر خىلى. 3- توم 299- بەت)؛ ئۆكمەك (ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا، زىرە 1- توم 142- بەت)؛ كىمسەن (دوپپا قاتارلىقلارغا تاقىلىدىغان ئالتۇن قاداق 1- توم 570- بەت)؛ بۈت (چوڭ يېشىل چەش. ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل- قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ. 3- توم 166- بەت)؛ تۈش (ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسىلىپ، كەمەر تاسمىسىنىڭ ئۇچىغا قادىلىدىغان توقا. 3- توم 173- بەت)؛ كەزلىك (خوتۇنلار كىيىملىرىگە تاقايدىغان ياكى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك پىچاق. 1- توم 625- بەت)؛ تىزىلدۇرۇك (ئۆتۈك

تۆمشۇقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەر. 1- توم 686- بەت)؛ ئۆستەم (كەمەر، ئېگەرلەرگە بېكىتىلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى. 1- توم 145- بەت).

يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەنلەردىن باشقا، «دىۋان» دا يەنە «ئەڭلىك» (خوتۇنلار مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق. 1- توم 156- بەت)، «ئارزۇتال» (بەدەندىكى موينى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسى. 1- توم 196- بەت)، «كىرشەن» (قوغۇشۇن ئۇپا 1- توم 570- بەت)، «يىپار» (ئىپار 3- توم 65- بەت) قاتارلىق گىرىم- پەداز بۇيۇملىرى؛ «يىپلادى» (يۈزنى يىپ بىلەن تەردى 3- توم 421- بەت)، «مەڭدەشتى» (يۈزگە يىپ سىلىشتى 3- توم 545- بەت)، «كىرشەنلەندى» (ئۇپا- ئەڭلىك سۈرتتى 2- توم 406- بەت)، «ئۆڭكلەندى» (چۈپۈرچاچ سالدى 1- توم 409- بەت) قاتارلىق ياسىنىش پائالىيەتلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن.

## 3 . كىيىم - كېچەك ماتېرىياللىرى

### 1) يىپەك رەختلەر

ئاي (توق سېرىق رەڭلىك بىر خىل يىپەك رەخت 1- توم 56- بەت)؛ خۇلىڭ (چىندىن كەلتۈرۈلىدىغان رەڭدار يىپەك رەخت 3- توم 507- بەت)؛ لوختاي (چىننىڭ سېرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى 3- توم 330- بەت)؛ قافغار (زەرەپشان يىپەك رەخت 3- توم 595- بەت)؛ قاچاچ (بىر خىل چىن دۇردۇنى 2- توم 414- بەت)؛ زۇنكۇم (چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت 1- توم 631- بەت)؛ ئەشكۈرتى (چىندا ئىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك رەخت 1- توم 197- بەت)؛ چىناخسى (چىندا ئىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك رەخت 1- توم 636- بەت)؛ تەخچەك (بىر خىل چىن يىپەكى 1- توم 622- بەت)؛ شالاشۇ (چىن رەختلىرىنىڭ بىر خىلى 1- توم 570- بەت)؛ مىندەتۇ (يىپەك رەختنىڭ نامى 1- توم 639- بەت)؛ چۈز (زەرباپ 1- توم 426- بەت)؛ كەنزى (قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى بىر خىل چىن دۇردۇنى 1- توم 551- بەت)؛ كەز (كەس، چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت 1- توم 427- بەت)؛ ئاغى (يىپەك رەخت 1- توم 121- بەت)؛ تورقۇ (تورقا، تاۋار- تورقا 1- توم 556- بەت)؛ بارچىن (يىپەك رەخت 3- توم 462- بەت)؛ يۇلاق بارچىن (يوللۇق يىپەك رەخت 3- توم 21- بەت).

### 2) پاختا رەختلەر

كەمەك (بىرخىل گۈللۈك يىپ رەخت 1- توم 509- بەت)؛ بۆز (بۆز 3- توم 169- بەت)؛ سەزرەگە بۆز (شالاڭ بۆز 1- توم 623- بەت)؛ چىت (چىت، ئالا- چىپار گۈللۈك چىن رەختى 3- توم 166- بەت)؛ چەك (بىرخىل يىپ رەخت 3- توم 213- بەت)؛ ئەگىن (ئىنى بىر يېرىم غېرىچ، بويى تۆت گەزلىك بىر خىل بۆز 1- توم 106- بەت).

### 3) موي - تېرىلەر

يولىق (تىۋىت 3- توم 34- بەت)؛ ياپ (جاۋىغا 3- توم 1- بەت)؛ يۇڭ (يۇڭ 3- توم 494- بەت)؛ داۋا (ئېگىرىشكە تەييارلانغان يۇڭ پارچىسى 3- توم 326- بەت)؛ چايدام (كۆرپىنىڭ ئىچىگە سېلىنىدىغان ۋە

يامغۇرلۇق تىكىلىدىغان يۇپقا كىگىز. 3- توم 243- بەت)؛ تەرى (تېرە 3- توم 305- بەت)؛ ئەلرى ~ ئەلدىرى (ئەلتېرە. ئوغلاق تېرىسى. 1- توم 171- بەت)؛ قوغۇش (ئاشلانغان ۋە ئاشلانمىغان تېرە. 1- توم 478- بەت)؛ ئەمشەن (جۇۋا قىلىنىدىغان تېرە. 1- توم 148- بەت)؛ ئەتۈكلۈك ساغرى (ئۆتۈك تىكىلىدىغان قىرىم. 1- توم 206- بەت)؛ كۆن (كۆن 3- توم 191- بەت)؛ پۇچغاق (پۇچقاق تېرە. بۇنىڭدىن ئاياغ كىيىمى ۋە چورۇق قىلىنىدۇ. 1- توم 608- بەت)؛ چارۇقلۇق (چورۇق قىلىشقا تەييارلانغان تېرە. 1- توم 654- بەت)؛ تاتىرغا (ئاشلانغان ئاق تېرە. 1- توم 637- بەت)؛ قۇيقا (قۇيقا، خام تېرە 3- توم 238- بەت)؛ سىغزىغ (مەيسە، ئۆتۈكلەرنىڭ ئىككى تىكىچى ئارىسىغا قىستۇرۇلىدىغان تېرە تىلىمى. 1- توم 606- بەت).

## 4. تىكىش - توقۇش ئەسۋابلىرى

پىچغاق (قايچا 1- توم 586- بەت)؛ قىفتۇ (قايچا 1- توم 543- بەت)؛ سىندۇ (قايچا 3- توم 45- بەت)؛ يىگنە (يىڭنە، 3- توم 45- بەت)؛ تەمەن يىگنە (تومۇنە 3- توم 45- بەت)؛ يۇكسەك (ئويماق. تۇچ ياكى تېرىدىن ياسىلىدۇ. 3- توم 61- بەت)؛ تۇرپىگۇ (تۇرپىك، چوپسا 1- توم 639- بەت)؛ چەچكە (بۆزچىنىڭ يىپ تارايدىغان تارغىقى. 1- توم 559- بەت)؛ ساغ (ساۋا. يۇڭ ساۋايدىغان چىۋىق. 3- توم 210- بەت)؛ ياڭ (ئەندىزە، قېلىپ. 3- توم 93- بەت)؛ تومرۇم يىغاچ (موزدوزلارنىڭ ئىش گۇندىسى. 1- توم 631- بەت)؛ پاتغا (تۇماق تىكىلىدىغان تېرە ۋە كىگىزنى قويۇپ كېسىدىغان كېسىمچى تاختىسى. 1- توم 553- بەت)؛ كۆزەك (كامان. بۆز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۆرۈشنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. 1- توم 508- بەت)؛ ياتان (ياتاڭ، پاختا ئاتقۇچىنىڭ ياتىغى. 3- توم 25- بەت)؛ ياتاڭ (ياتاڭ، ئاتقۇ، يۇڭ ئاتىدىغان ئەسۋاب 3- توم 508- بەت)؛ قاتۇت (موزدوزلار ئىشلىتىدىغان سىراج. 2- توم 414- بەت).

كىيىم- كېچەك، زىننەت- بېزەك، رەخت- گەزلىمىلەرنىڭ كۆپ خىللىقى، ياسىنىش- بېزىنىشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى شۇ جەمئىيەتنىڭ ماددى، مەنىۋى بايلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇلارنى يەنە قامدۇ (بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بۆز. ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا- سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. 1- توم 546- بەت)، «كۆزۈلدۈرۈك» (كۆزلۈك. ئاتنىڭ قىلىدىن توقۇلغان شالاڭ توقۇلما. كۆز ئاغرىغان، قاماشقاندا كۆزگە تارتىلىدۇ. 1- توم 686- بەت)، «ئەلىكلىك» (قولقاپ 1- توم 207- بەت)، «ئۇلاتۇ» (بۇرۇن ئەرتىدىغان يىپەك قولياغلىق. 1- توم 207- بەت)، «ئۇتۇك» (دەزمال 1- توم 93- بەت) ۋە «باغىرداق» سۆزلىرىدىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئۇچۇرى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. بىر- بىرىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۇرۇلگەن «ئەگرى» (ئېگىرىلگەن يىپ. 1- توم 142- بەت)، «بەزىنچ» (يىپەك ياكى پاختا يىپ كاللىكى. 3- توم 510- بەت)، «تۇشرۇم»

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ www.uyghurkitap.com

(ئېگىزلىگەن بىر كالىلەك يىپ. 1- توم 631- بەت)، «باسبال» (بىر قېتىم يىپ. 1- توم 627- بەت)، «تاۋران» (تارلانغان يىپ. 1- توم 568- بەت) قاتارلىق يىپ ناملىرى؛ «چۇۋۇت» (بوياق. 3- توم 220- بەت)، «قاراغۇ» (بىر خىل قارا بوياق. 1- توم 570- بەت)، «داۋا» (يۇلغۇن چېچىكى. بۇنى بوياقچىلار ئىشلىتىدۇ. 3- توم 326- بەت) قاتارلىق بوياق ناملىرى ۋە «چەكىن» (چەكمە، يىپەك رەختكە زەر بېسىش. 1- توم 541- بەت)، «بۆرك بۆرتالاندى» (بۆككە ئالتۇن قاداق تۇتۇلدى. 2- توم 277- بەت)، «ئول ئالتۇن ئۈزە چەش قوندۇردى» (ئۇ ئالتۇن ئۈستىگە چەش قوندۇردى. 2- توم 274- بەت) دېگەنگە ئوخشاش سۆز- جۈملىلەر توقۇمىچىلىق- تىكمىچىلىك كەسىپلىرىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى ھەمدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ.

«چەكرەك» (قۇللار كىيىدىغان يۇڭ تون) سۆزى مۇستەھكەم بولغان تەبىقىچىلىك تۈزۈمىدىن دېرەك بەرسە؛ «تۇلفىر» (ئاياللارنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە. 1- توم 596- بەت)، «سىزىغ ياپىپ ئولتۇردى» (پېشىنى يېپىپ ئولتۇردى، يەنى يەكتەكنىڭ ئىككى پېشىنى قىستۇرۇپ ئولتۇردى. بۇنداق قىلىش نازاكەت ھېسابلىنىدۇ. 1- توم 485- بەت) قاتارلىقلار ئەدەب- پەردىشەپنى نامايان قىلىدۇ. «كەزۆت» (تويدا كۈيئوغۇل ۋە كېلىنىنىڭ بېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۈرۈلىدىغان كىيىم- كېچەك. 1- توم 463- بەت)، «مۇندەرۇ» (يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆشۈگە، بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن ئولتۇرىدۇ. 1- توم 685- بەت) قاتارلىقلار بولسا، توي- تۆكۈن رەسىم- قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قىسقىسى، «دىۋان» دىكى كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىگە دائىر ئۇچۇرلار بىزنى ئەينى دەۋردىكى كىيىم- كېچەك تۈرلىرى ھەمدە كىشىلەرنىڭ كىيىنىش- ياسىنىش ئادەتلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىجتىمائىي ئەخلاق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ- ئادەت، تەبىقىچىلىك تۈزۈمى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە مىللىي ئىگىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، ماددىي- مەنىۋى تۇرمۇش قاينام- تاشقىنلىققا چۆمگەن تارىخ كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ.



## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىل 8- ئاي، ئۈرۈمچى.
2. مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (خەنزۇچە نەشرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2002- يىل 2- ئاي، بېيجىڭ.


تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

# ئىلىدىكى تاتارلار

تۇرسۇن قاھارى

ئىلى دىيارى قەدىمدىن تارتىپ يېرى كەڭ، سۈيى مول، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان مۇنبەت زېمىن. ئورمانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك - زېمىنىنىڭ ئاۋات بولۇش ئامىللىرىنىڭ بىرى. ئىلى ۋادىسى ھۈنەر، ھېكمەت، ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىنغان تارىخىي زېمىن بولغانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر. بۇ باياشات زېمىندا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىجىل- ئىناق بىللە ياشاپ كەلگەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاتارلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا 19-ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان. غۇلجا شەھىرى شىنجاڭ بويىچە تاتارلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان جاي. ۋ. ۋ. رادلوف 1862 - يىلى ئىلىغا كەلگەندە بۇ يەردە تاتارلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىنتايىن ئىناق ياشاپ، ئەركىن ئازادە، كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى («تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1988-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

1882 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئىلى ۋىلايىتىدە 1900 دىن ئارتۇق تاتار بولۇپ، ئۇلار غۇلجا، موڭغۇلكۈرە، قورغاس، نىلقا، تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەس ۋە باشقا ناھىيىلەرگە تارقالغان. تاتارلارنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە غۇلجا شەھىرىدىن قالسا چۆچەك 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. تاتارلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن باشقا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلار مەرىپەت سۆيگۈچى خەلق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ۋە تاتار خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ راۋاجلىنىپ كەلگەن دوستلۇقى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى كېيىنكى يىللارغىچە داۋاملىشىپ، ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ دوستلۇق خۇسۇسەن مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ باردى. تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلار غۇلجا شەھىرىدە قويۇق ئارىلىشىپ ۋە ئىناق ياشاپ كەلدى. تاتارلار ھەر تۈرلۈك دېموكراتىك ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ، ئەركىن ياشاشقا، ھەق ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىشقا ئۆزلىرى باشلامچىلىق قىلدى. جۈملىدىن 1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندا خەلق ئىچىدە كەڭ تەشۋىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ھەقتە «تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلغان: «. . . غارىپ غابىتوف «مەكتەبى نۇر» نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن زور ئىلھام ۋە مەدەت ئېلىپ، غۇلجىدىكى مەكتەبى نۇرنى ئاساس قىلغان ھالدا تاتار زىيالىلىرى ۋە



www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، 1918 - يىلى 8 - مارت ئاياللار بايرىمى كۈنى نامايىش ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. ياش ئوقۇتقۇچى ئەسمە ئەختەممىيە باشلىق تۆت تاتار قىزىنى نامايىشتا ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى.



غۇلجا تاتار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى
(1928 - يىل)

ئىلى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ بىلىم بېرىشتە، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. 20 - 30 - يىللىرى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئىشلىگەن تاتار مۇئەللىملەر ئاز ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مائارىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە خۇسۇسەن غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل قىزلىرىغا بىلىم بېرىشتە 1914 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان تاتار مەكتىپى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. كېيىنرەك بۇ مەكتەپ «مەكتەبى نۇر» دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە يالغۇز تاتار ياش ئۆسمۈرلىرىلا ئوقۇپ قالماي، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە، تۇڭگان بالىلىرىمۇ بىلىم ئالدى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ دەسلەپتە مۇشۇ مەكتەپتە بىلىم ئالغانىدى، شۇ دەۋردە نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇر، تاتار مەرىپەتچىلىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ جەمئىيەتكە قوشۇلغان. ئۇيغۇر ۋە تاتار خەلقى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مانا شۇ دەسلەپكى مەرىپەتچىلەر قول تۇتۇشۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ئىز بېسىپ كەشپۇلەسرار داموللا ۋاھاپ (1858 - 1957) ۋە تاتار ئالىمى ئابدۇللا بوبىيلار غۇلجىدا قۇرۇلغان نوغاي مەكتىپى - تاتار مەكتىپىنىڭ تەشەببۇسكارلىرىدىن بولۇپ قالدى. مەزكۇر مەكتەپكە قوشۇپ بىر قىرائەتخانىمۇ تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭغا «قىرائەتخانا نۇر» دەپ نام بېرىشتى. مانا بۇ تەشەببۇس يولىدا بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار شۇ دەۋردىكى جاھالەت ۋە مۇتەئەسسىپلەرگە قارشى بولۇۋاتقان چوڭ كۆتۈرۈلۈش ئىدى. خۇسۇسەن تاتار ئالىمى ئابدۇللا بوبىينىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن خىزمىتى مۆلچەرلىگۈسىز ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدا مەكتەپ تەشكىل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى مۆتىۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تەشۋىق-تەرغىب قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىئانە توپلىدى. شۇندىن كېيىن مەكتەپ قۇرۇشقا كىرىشتى. ئابدۇللا بوبىينىڭ مەرىپەتچىلىك ئىشى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. چۈنكى بۇ يەردىكى خۇراپات، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بۇنىڭغا قارشى چىقتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ 1916 - يىلدىن كېيىن قازانغا كېتىپ قالدى.

تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ ئىلى زېمىنىدا خەلق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جاپالىق خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپلىمە قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا بىلىم ۋە كۈچىنى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە ھەممە ئۇلارغا بىلىم بېرىشكە سەرپ قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدا تەشۋىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى مەكتەپ قۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇ توغرىلىق خەلق ئىچىدىكى مۆتىۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ھەممەتلىك ئادەملەرنىڭ مونۇ ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك كۇپايە بولىدۇ: غۇلجا خەلقى ئارىسىدا ئىلىم ۋە مائارىپ خۇسۇسىدا زور بىر ھەرىكەت ۋە بەك قىممەتلىك بىر پائالىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ ئەرلەرنىلا ئەمەس، ئاياللارنىمۇ ئوقۇتۇش، ھەتتا ئۇلارنى ئەرلەردىن ئارتۇق ئوقۇتۇش ۋە ئەرلەردىن ئارتۇق تەربىيىلەش لازىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مانا بۇ مۇقەددەس مەقسەتكە يارىشا سەككىز سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى سېلىندى.

بۇنىڭدىن كېيىن قانداقلا تويدا بولمىسۇن يىغىلغان پۇلنى (شەربەت ئاخچىسى) قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان يېتىم قىزلار پايدىسىغا سەرپ قىلىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاۋۋال مەھەم-مەت سالىخ سەدىردىن ئەپەندى بىلەن كەشفە خانىمنىڭ تويىدا يىغىلغان 46 سوم 14 تىيىن پۇلنى، كېيىن يۈسۈپ لايش ئەپەندى بىلەن پاتىمە يانسىپىنىڭ تويىدا يىغىلغان 50 سوم 10 تىيىننى شۇ يېتىم قىزلار پايدىسى ئۈچۈن ئېلىپ، خەزىنىگە تاپشۇردى. غۇلجا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ. تىرىشقلار ئەپەندىلەر! بەلكىم سىزدىن كۆرۈپ بىزنىڭ ئىچكى روسىيىدىمۇ يۇقىرى سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىشقا باشلاپ قالار (سۇيۇمبىكە ژۇرنىلىنىڭ 1914 - يىللىق 15-سانى). يەنە شۇ ژۇرنالنىڭ 17 - سانىدا غۇلجىدىكى نۇرغۇنلىغان خانىم - قىزلارنىڭ شۇ قىزلار مەكتىپى بىناسى ئۈچۈن 575 سوم 60 تىيىن ئىئانە توپلىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېسىلغان.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرى مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ بىر ئاز راۋاجلىنىشى سەۋەبلىك شەھەرمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان تاتارلارنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ باردى. باشقا شەھەرلەردىن تاتارلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى كۆپەيدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلجىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ۋە مۆتىۋەر تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 20 - يىللارنىڭ بېشىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بوشلۇققا يېڭىشەھەر نوۋي گورود بىنا قىلىنىپ، ئۇنىڭغا تاتارلار ئولتۇراقلاشقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق نوۋي گورودنى نوغاي گورود دەپ ئاتاپ ئۇنى مەشھۇر قىلىۋەتكەن. مانا شۇ نوۋي گورودتىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى توغرىسىدا شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ 25 - سانىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: بۇ چاغدا يەنە غۇلجىدا ئولتۇراقلى-شىپ قالغان چەت ئەللىك رۇس، تاتارلارمۇ ئۆز ئۆيلىرىدە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ رۇسچە ئوقۇتتى. يالغۇز نوۋي گورود مەھەللىسىنىڭ ئۆزىدىلا خۇسۇسىي مەكتەپلەر 6 دىن ئاشقانىدى. ھەر بىرىدە 15 تىن ئارتۇق بالا ئوقۇيتتى. تاتارلارنىڭ غۇلجىدىكى كونا شەھىرىدە بىر يېڭى مەكتەپ، بىر مىچىت، نوۋي گورود شەھىرىدە بىر يېڭى مەكتەپ، بىر مىچىت بار ئىدى.

1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن باشقا ۋىلايەتلەرگە ئوخشاش ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بىر ئاز يۈكسىلىشكە باشلىدى. غۇلجا شەھىرىدە بار بولغان مەكتەپلەر قايتىدىن قۇرۇلۇپ، يېڭىدىن مەكتەپلەر تەشكىل قىلىندى. موشۇ ۋاقىتتا غۇلجىدىكى ھەر مىللەت مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئىلغار كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن

غۇلجىدىكى مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن 27 كىشىدىن تەركىپ تاپقان مائارىپ باشقارمىسى تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇنىڭغا نەجىپ ئەپەندى خەمىتوف ۋە خەمىت سەئىدىيلەر باشلىق بولدى. سۇلتاناخۇن مەتيۇسۇپ ھاجى، نامان ئاخۇن، ھۈسەيىن يۇنۇسوف، نىزامىدىن ئەپەندى ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. نەجىپ ئەپەندى (1891ـ 1942) قازاندا تۇغۇلغان. ئۆسكەن يېرى ياركەنت بولۇپ، كىچىكىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ چوڭ بولغان. 1909 - يىلى غۇلجىغا كېلىپ تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. ئىلىدىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يالغۇزلا ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، قېرىنداش خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشتە بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى.

1933 - يىلدىن كېيىن غۇلجا شەھرىدە 20 دەك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، مانا بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇئەللىملەر جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ زور قىيىنچىلىقنى تاتار مۇئەللىملىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يىگىرمىچە مەكتەپنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك تاتار مۇئەللىملىرى بار ئىدى. بەزى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىمۇ تاتارلار ئىدى. بۇ مۇدىر ۋە مۇئەللىملەر پەقەتلا ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قالماي، خەلقتىن ئىئانە توپلاپ، بالىلارغا كېرەكلىك قوراللارنى ۋە مەكتەپ ئىقتىسادىنى تەمىن قىلاتتى. غۇلجىدىكى مەكتەپلەر 1937 - يىلغىچە خەلق خىراجىتى (ئۆشرە - زاكات، پىتىر، خەلق ئىئانىسى) بىلەن تەمىن قىلىنغان. 1937 - يىلدىن كېيىن مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت تەمىنلەشكە باشلىغان. بۇ جايالىق، قىيىن شارائىتلاردا زەينەپ خانىم يىلقىباي، رەشىدە خانىم شەھىدەۋا، ماھىنۇر سىراجى، مۇنىرە خانىم ۋاھىت، غارىپ سىراجى، زۆھرە يىلقىباي، رەمزىيە يىلقىباي، نازىم بېكمىنى، رەشىدە باراتوۋا، پاتىمە بۇرناشېۋا، مالىك بېكتېمىروف، پاتىمە خاپپار، جامال سەفەرغەلىيېۋا، فەرىخە غەلىئەكبەر ۋە باشقا كۆپلىگەن تاتار مۇئەللىم ۋە مەرىپەتچىلىرى ئىلى دىيارىنىڭ مەدەنىيەت- مائارىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى زەينەپ خانىم يىلقىباي 1943 - يىلى غۇلجىدىكى خەيرىيە، نەمۇنە، ئائالىيە، ئىلى ۋىلايەتلىك قىزلار مەكتىپى ۋە سايرامىيە مەكتەپلىرىدە مۇدىر ۋە مۇئەللىمە بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ تەربىيىلىگەن تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان ۋە قىسمەن خەنزۇ پەرزەنتلىرى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. 40 يىل ئۆمرىنى مەرىپەتكە سەرپ قىلغان مۇنىرە ۋاھىت، غۇلجىدىكى يېتىملار مەكتىپى خەيرىيە (كېيىنرەك ئايخان مەكتىپى دەپ ئاتالدى) مەكتىپىنى دەسلەپكى كۈنىدىن تارتىپ تىكلەشتە ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىگە قارىماستىن مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلىگەن زۆھرە يىلقىباي، مەرىپەت ساھەسىدە 30 يىلغا يېقىن ئىشلىگەن ئەر-ئايال غارىپ سىراجى بىلەن ماھىنۇر سىراجى غۇلجىدىكى ئۈمىد مەكتەپ ۋە باشقا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە 25 يىلغا يېقىن تەر تۆكۈپ ئەمگەك قىلغان رەشىدە باراتوۋا ۋە باشقىلارنىڭ ئىزگۇ پائالىيەتلىرىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئورنى كەلگەندە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، غۇلجا شىپاخانىلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئورگانلىرىدا ئىشلىگەن تاتار دوختۇر ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئاز ئەمەس. ئەنە

شۇلارنىڭ ئارىسىدا دوختۇر شامىل تاجىدىنوف بىلەن شەفىقە سەدىردىنوفلارنىڭ شەرەپلىك نامى بار. ئۇلار ھەر كۈنى شىپاخانىلاردا خەلقنى داۋالاش بىلەن بەنت بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غۇلجىدىكى تىببىي تېخنىكۇمدا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈپ تىببىي كادىرلارنى تەربىيىلەشتە چوڭ ھەسسە قوشتى. ئىلىدىكى تاتارلار يالغۇزلا مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچ سەرپ قىلىپ قالماستىن، تىياتىر ۋە سەنئەت ساھەسىدىمۇ كۆپ پائالىيەت كۆرسەتتى. ئۇيغۇر، ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بىلەن بىرلىكتە تاتار مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايى نەپىسە ئۆمىكى قۇرۇلدى. ئۇلار خەلق ئاممىسىغا «باشماغىم»، «تاھىر-زۆھرە»، «ئاسلىيار»، «غالىيەبانۇ» غا ئوخشاش سەھنە ئەسەرلىرىنى نامايىش قىلدى. 30 - يىللاردىكى ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرى شەرت - شارائىتىنىڭ ئەڭ قىيىن مەزگىللىرىدە تاتار ئاياللىرى خەدىچە، مەدىنە، شەكۇرە ئابباسوۋا، پەرىدە، مۇنەۋۋەر، پىرۇزە سىراجىدىنوۋالار ئۆز خىزمەتلىرىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭدەك ئەدەبىيات، مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلىگەن تاتار مەتبەئەچىلىرى بىلەن يازغۇچى-شائىر، ژۇرنالىستلىرى ئۇيغۇر نەشرىيات ۋە تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلدى. 1934 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە چىقىدىغان ئىلى دەرياسى گېزىتىگە ھەبىب يۇنىچى باش مۇھەررىر بولغان بولسا، 1944 - يىلدىكى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يەنە شۇ گېزىت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. 1947 - يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتىگە ئەسئەت ئىسھاقوف مۇھەررىر بولغان.

ئەمگەك پائالىيىتىنى مۇئەللىملىكتىن باشلىغان ئە. ئىسھاقوف ئىلى ئىنقىلابى پارتىزانلار شتابىنىڭ كاتىپى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزاسى ھەم دائىمىي ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق مەسئۇل خىزمەتلەردە بولدى. رەھىم سەپەرغەلى، رەفىق غابىدىي، خەمىت تۆھپى، ئەنۋەر لوقمان، مۇنىر ئېرزىن، ئەسئەت تاھىر، سۇبۇتاي ئابدۇراخمانوف، شەرىپ ۋە باشقىلار ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن خادىملار ئىدى. 1949 - يىلدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدە چىقىشقا باشلىغان «خانىم - قىزلار ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تەۋەي خانىم مىرشانوۋا، تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ بىرى رەمزىيە يىلقىباي بولغان.

ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان تاتارلار ئۇيغۇرلار بىلەن قولغا قول تۇتىشىپ، خەلق ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە دېگىدەك بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەن، جاپالىق ئەمگەكلەرنى ۋە ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرگەن. ئىلىنىڭ ھەممە مۇشكۇل جايلىرىدا ۋە داۋانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئىزى بار. سودا - سانائەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىغىمۇ ئۇلارنىڭ ھەسسە قوشقانلىقى مەلۇم. ئۇششاق ۋە ئوتتۇرا ھال سودىگەرلەر سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا غۇلجىدىكى مۇساباييېفلارنىڭ سودا دۇكانلىرىدا پىرىكازچىك، بوغالتىر، تېخنىك، ئىشچى ۋە باشقا ئورۇنلاردا خىزمەت قىلاتتى. ئىلىدىكى بىر قانچە سودا شىركەتلىرى قاتارىدا ئالتاي شىركىتى خېلى مەشھۇر ئىدى. ئۇنى

زاكىرجان ئاللايارى، فارىخ ئاللايارى، غىلاجىدىن تاجىدىنوف، نىزام ئەپەندى فەتخۇللىن، پازىلجان ئاقساقال يۈنىچى، غادىلشا توقموللىنلار باشقۇراتتى. غۇلجا شەھىرىدە 1909 - يىلى مۇسابايىفلار قۇرغان تېرە زاۋۇتىدىن باشقا غالىئەخمەت سەدرى بىلەن سالىخ سەدرىلەر قۇرغان تىيانشان تېرە زاۋۇتىمۇ ئىلىنىڭ سودا - سانائىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم ھەسسە قوشقان. كۆنەستە بەش ئاكا - ئۇكا قۇرغان نوغاي زاۋۇتى تېرە ئەيلەپ، كۆن ئىشلەپ، چەم ئىشلەپ چىقىرىدىغان كارخانا ئىدى («تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1988 - يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى).

1944 - يىلى ئىلىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆتۈرۈلگەندە پۈتكۈل خەلق قوزغىلىپ، دۈشمەنگە قارشى قورال ئېلىپ جەڭگە قاتناشتى. مانا شۇ چاغدا باشقا خەلقلەرگە ئوخشاش تاتار خەلقىمۇ ئىنقىلاب باشلانغان نىلقا تاغلىرىدىن ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا بارغىچە گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ تۈرمىسىدە بىگۇناھ يېتىپ ئۆلگەنلەرمۇ بار. ئۇلار رەئۇف بۇرۇندىكوف، پەررۇخ سىراجىي، زىبا ئاللايارى، ئاباس ئىسمائىلوف، مۇنىر ئىسمائىلوف، غاياز سىمىنبىيېف، پاتىخ ۋە باشقىلار. مانا شۇ قوراللىق جەڭلەردە تاتار ئوغۇل - قىز ياشلىرى مەرتلىك كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق پاكىتلارنى كۆرسىتىش كۇپايە. نىلقا ناھىيىلىك ساقچى مەھكىمىسىنى دۈشمەندىن ئازات قىلىشتا خەمىت مۇسلىموف قۇربان بولدى. تەلكە تاغ - داۋانلىرىدىكى شىددەتلىق جەڭلەردە قورقماس يىگىت غارىپ سىراجى مەرتلىك كۆرسىتىپ ۋە ھاياتىنى خەلق ئۈچۈن تىككەن بولسا، سۈيدۈڭدىكى سوقۇش مەيدانىدا شەيقەت قىز پاتىمە يەھياروۋا ياردار جەڭچىلەرنى دۈشمەندىن قۇتقۇزۇش مەزگىلىدە ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى. يەنە شاۋەلى ئابزى، ئەختەم ئابزى، چاپاي قاتارلىق 14 تەك جەڭچى ئوفىتسېر شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

تاتار ئەمگەكچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئۆزلىرى بىۋاستە قاتنىششتىن باشقا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماددىي - مەنىۋى جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئۆلۈشىنى قوشتى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى قۇرۇپ، تەشكىللەشتە ئۇلارنىڭ مەلۇم ھەسسىسى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەسكەرلىكتىن گېنېراللىققىچە ئۆستى. شۇلارنىڭ ئىچىدە پاتىخ مۇسلىموف، مەرغۇپ ئىسھاقوف، ئايتۇغان يۈنىچى، فۇئات خەمىتوف، رەپىق بايچۇرىن، خەمىت ئەلىيېف، مالىك غىمادى، رەئۇف سەلىموف، سەغىت شەيخوف، غىمران خەسەن، خەمىت ئېنىكېيېف، پاتىخ چانىشوف، ماخمۇت سەئىدى، جەۋدەت سەدرى، ئەنەس ئۇسمانوف، تالغات غىمادىيېف، مالىك بىكتېمىروف قاتارلىق 100دىن ئارتۇق مەرت ئوغۇل - قىز بار. ئۇلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئىلى دەرياسىدىكى ئۇيغۇر تاتار خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ دوستلۇقتا بىللە ياشاپ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ ئۆزى بىر تارىخ. تارىخنى خەلق يارىتىدۇ. مانا شۇ شانلىق تارىخنى يارىتىشتا ئۆز ئۆلۈشىنى قوشقان تاتار خەلقىنىڭ ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەيدىكەنمىز، دېمەك، ئىلى زېمىنىنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا ئۇلارنىڭ ئۆلمەس تۆھپىلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەك. بۇ بىزنىڭ تارىخ ئالدىدىكى بۇرچىمىزدۇر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# شىنجاڭ بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر مۇزېيى

شىخەنزە شەھەرلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

شىنجاڭ بىڭتۇەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر مۇزېيى 1992 - يىلى رەسمىي قۇرۇلغان، بۇ مۇزېينىڭ نامىنى دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېن ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن، بۇ مۇزېي 1995 - يىل 9 - ئايدا سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. بۇ مۇزېي ئەسلىدىكى 22 - بىڭتۇەن رەھبەرلىرى ئىگىلىك تىكلىگەن ئورۇندا قۇرۇلغان. مۇزېينىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر، كۆرگەزمە ئورنى كۆلىمى 168 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە بوز يەر ئېچىپ چېگرىنى قوغداش مەزمۇن قىلىنغان بىردىنبىر مۇزېي ھېسابلىنىدۇ.

مۇزېيغا زور مىقداردىكى ئەمەلىي بۇيۇم، سۈرەت قويۇلغان بولۇپ، شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ كىچىكلىكتىن زورىيىش، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىش، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش تارىخى نامايەن قىلىنغان، ئۇنىڭغا بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ 50 يىلدىن بۇيانقى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئىش - ئىزلىرى مۇجەسسەملەنگەن، ئەگەر بۇ مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلسىڭىز گويا ئەينى يىللاردىكى قايناق، ئاجايىپ چاغلارغا قايتىپ بارغاندەك بولۇپ قالىسىز.

مۇزېي تۆۋەندىكىدەك 4 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان:

1 - بۆلەك ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇقەددىمىسى، بۇ بۆلەكتە ئاۋۋال خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ ئۇدۇل شىنجاڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشقانلىقىغا دائىر تارىخىي پاكىتلار تونۇشتۇرۇلغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭدا بوز يەر ئېچىپ چېگرىنى قوغدىغانلىقى، شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى قۇرۇلۇشىدا يېڭى سەھىپە ئاچقانلىقى بايان قىلىنغان.

2 - بۆلەكتە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرىنى قوغداش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش مەزمۇن قىلىنغان. بۇ بۆلەكتە 100 مىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرنىڭ چۆللۈكتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەر ئىشلەتكەن كەتمەن، تۆمۈر گۈرجەك، جوتا، ئەپكەش، سېۋەت، زەمبىل، يۇمە سېۋەت، چانا قاتارلىق ئاددىي سايمانلار كۆرگەزمە قىلىنغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەرنىڭ ئوتلۇق قەلبى ۋە ئىككى قولىغا تايىنىپ بوز يەر ئاچقانلىقى، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلىغانلىقى، سۇ ئامبىرى قۇرغانلىقى، تاشيول ياسىغانلىقى، «شۇ يىلى بوز يەر ئېچىپ شۇ يىلى ھوسۇل ئېلىش، يۇقىرىغا ئازراق تاپشۇرۇش» تەك



مۆجىزە ياراتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3 - بۆلەكتە چۆللۈكتىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇزۇن يىللىق ئۇلۇغۋار ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 1950 - يىل 11 - ئايدا شىخەنزە شەھەر قۇرۇلۇشى باشقارمىسى قۇرۇلغانلىقى، باشقارما قارمىقىدا قۇرۇلۇش، ماتېرىيال، ترانسپورت، خوجىلىق گۈرۈپپىسىدىن ئىبارەت 4 گۈرۈپپا تەسىس قىلىنغانلىقى، نۆلدىن تۆۋەن 20 گرادۇسلۇق قاتتىق سوغۇقتا 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نەنسەندىن چانا ئارقىلىق ياغاچ توشۇپ كېلىنگەنلىكى، تۇنجى ئەۋلاد بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تۇنجى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر بىناسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر ھەر ئايدا ئالىدىغان ئازغىنە ياردەم پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئىئانە قىلىش ئارقىلىق شىخەنزە شەھىرىنى قۇرغان، ئارقىدىنلا يەنە ماگىزىن، دوختۇرخانا، كىنوخانا، زاۋۇتلارنى قۇرۇپ چىققان. يىرىم ئەسىر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 18 دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە 1036 چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىغا ئىگە داڭلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى شەھىرى قۇرۇپ چىقىلغان. مۆزېيغا ھەر قايسى دەۋرلەردىكى تۈرلۈك مېدال، تۆھپە كىنىشكىسى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى كىنىشكىسى، پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى، ئۇلگە تاختىسى، ئەمگەك مۇسابىقىسى لەۋھەسى، 22 - بىڭتۇەننىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى خۇلاسىلەش بويىچە 2 - قېتىملىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا ئىشلىتىلگەن لەۋھە، ياش پىدائىيلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەترىتىنىڭ لاتا بەلگىسى قاتارلىقلار قويۇلغان. بۇ قىممەتلىك بۇيۇملار شىخەنزىدىكى بىر ئەۋلاد بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەرنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى، شۇنداقلا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى جەڭچىلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە روھىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى.

4 - بۆلەكتە تىرىشىپ 2 - قېتىم ئىگىلىك تىكلەش، قايتا شانلىق نەتىجە يارىتىش مەزمۇن قىلىنغان. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، جۇ دې، جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، چېن يى قاتارلىق بىر ئەۋلاد پىشقەدەم رەھبەرلەر بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن، لى پېڭ، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق رەھبەرلىرىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ شىخەنزىلىكلەرگە غايەت زور غەمخورلۇق قىلغان. بۇ مۆزېينى سېيلە قىلسىڭىز باتۇر ۋە ئەمگەكچان بىڭتۇەنلىكلەرنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇش ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئېرىشىل نەتىجىلەرنى يارىتىش روھىدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايسىز.

شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر مۆزېيى ئۆزگىچە ۋە مول مەدەنىي مەزمۇنى بىلەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان بازىغا ئايلىنىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى، بىڭتۇەن ۋە شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى چوڭ رول ئوينىماقتا.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

www.uyghurkitap.com

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2006 年第二期

总第七十五期



顾　问
乌依古尔・沙依然
伊敏・图尔逊
努尔穆罕默德・多莱提
沙比尔・艾力

主　编
迪木拉提・木沙

副主编
阿不都肉甫・艾力
艾合买提・肉孜・托格如力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫・艾力
阿不都守库尔・图尔地
阿不都克优木・霍加
阿不来提・努尔东
阿不来提・伊敏
热米拉
沙比尔・艾力
吾甫尔・吾守尔・尼亚孜
霍加阿合买提・优努斯
哈德尔・阿皮孜
哈斯木・霍加
库尔班・马木提

责任编辑
甫拉提・伊米提


# 目　录

## 历史资料


话说硬币 …… 依尔潘・托乎提也夫 1
被烧尽的探险记 …… 甫拉提・依米提 15
论高昌契氏家传 …… 阿依姑丽・吾斯曼 26
外国探险家在新疆的测绘活动 …… 尼亚孜・克力木 28


## 回忆录


昔日的交通工具 …… 马木提・哈孜 32
哈密剿匪记 …… 托乎提・依布拉音 36
在喀什绘制的第一张地图 …… 吾斯曼・穆罕默德 41


## 地名研究


远古记载的维吾尔文地名 …… 伯希和 43


## 学术讨论


对《突厥语大辞典》中有关服饰文化的探索 …… 艾尔肯・依地热斯 51


## 新疆民族


伊犁的塔塔尔族 …… 吐尔孙・卡哈日 57


## 宝　地


新疆军垦博物馆 …… 63


封面：　百年前的喀什艾提尕尔清真寺

特来提　提供

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
辑出版:《新疆地方志》编辑部
址:乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号
刷:新疆金版印务有限公司

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

内统一刊号 CN65—1128/K—W
话:4640715 邮政编码:830063
价:3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715 پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن